# شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر


# 新　疆　文　史



1

2001

ش. ئۇ. ئا. ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى
ئىلمىي ژۇرنىلى



«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى

يۇمىلاق يەر خەرىتىسى



ئىپارخان

ئابدۇشكۈر كېرەم سىزغان

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى : ئەركىن ئىمىر باقى
مۇئاۋىن مۇدىر : ئابلىز مۇسا

1
2001

باش مۇھەررىر :
ئابدۇكېرىم راخمان

## مۇندەرىجە

### تارىختىن تامچە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى توغرىسىدا .......... قۇددۇس ئابدۇسەمەت(2)
مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى دىنىي زاتلار توغرىسىدا.................. ئا . مۇزەپپەر(10)

### تۆھپىكارلىرىمىز سەھىپىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا مەھمۇد قەشقىرى... غەيرەتجان ئوسمان(13)
سەنئەتكار ئابدۇكېرىم رازى .............................. مەھمۇد زەيدى(23)

### مۇھاكىمە سورۇنى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قوليازما ئەسەر «كىتابى تەبىرنامە» («چۈش تەبىرى»)
توغرىسىدا .......................... تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت(24)

### ماتېرىيال ساندۇقى

تاشقورغاندىكى قەدىمكى قەلئە - قورغانلار ........................ شىرىن قۇربان(28)
قەشقەر - تاشقورغان يولى ساھىلىدىكى مەنزىرىلىك جايلار ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت
ئىزنالىرى ................................. شىرىن قۇربان(31)
خوتەن دەريا ۋادىسىنىڭ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدا
..................................... مۇلىك ھاجى(37)
نەۋائى ھېكمەتلىرى.............................. (45)
ئوت يۇرتى - تۇرپان ............................. مۇلىك ھاجى(46)

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە : ئوۋچىلار ........................ يالقۇن ھابىل فوتوسى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى : (ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇكېرىم راخمان ، ئابلىز مۇسا ، خەمىت تۆمۈر ، شاكەن ئوڭالبايوف ،
لى جىڭشى ، ئىمىن تۇرسۇن ، غەيرەتجان ئوسمان

كوررېكتور : غەيرەتجان ئوسمان
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ ماتېرىياللار يۇرتى
مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ئىشلىدى

غەيرەتجان
ئوسمان

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى توغرىسىدا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدىن
قۇددۇس ئابدۇسەمەت

(1)

يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەبىتلىككە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوراللىق كۈرىشى ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. 1940 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرىشى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋە شىمالىي مىللىتارىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا مۇستەبىتلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي جەھەتتە دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان ـ تاراج، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاسسىمىلياتسىيە يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مىسلىسىز بالايىئاپەتلەرگە گىرىپتار قىلدى. 1930 ـ يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، مىللىي زۇلۇم بولمىغان تۈنجى سوتسىيالىزم ئېلىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق تەربىيە ئالغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شۇ مەزگىلدە جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى ئەۋەتىپ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئارىسىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلابىي تەلىماتىنى تارقىتىپ بىر تۈركۈم ئىلغار ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. كېيىنكى كۈنلەردە مىللىتارىست شىڭ شىسەي كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، دېموكراتىيىگە قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، شىنجاڭدا ھەدەپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندە، ئەنە شۇ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر قاتار مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئاقسۇ، كۇچا، توقسۇن، ئالتاي، قارا شەھەر قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان ئىلغار تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي گېزىت ـ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئارقىلىق ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ئازادلىق ـ ئەركىنلىك دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بۇ دەل 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى بولۇپ، سوۋېت خەلقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەللەر خەلقلىرى فاشىزمغا قارشى قەھرىمانانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ بىر قاتار زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن، ۋەتىنىمىزدىمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غايەت زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن مەزگىل ئىدى. بۇ زور غەلىبىدىن ئىلھام ئالغان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئالدى بىلەن 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي يېزىسىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىرىنچى

پاي ئوقنى ئاتتى. بۇ قوزغىلاڭ چاقماق تېزلىكىدە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ قالغان يەتتە ۋىلايىتىدىكى كەڭ تەرەققىيپەرۋەر خەلقلەرنىڭمۇ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. تاشقورغان رايونىدىكى ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز خەلقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يېڭىسار، ئاقتۇ ناھىيىلىرىنى ئالدى ۋە قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىگىچە ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئىلقىدا ئىنقىلابىي قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ ئەمدىلا ئىككى ئايدىن ئاشقان چاغدا يەنى 1944 - يىل 12 - نويابىردا ئىلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە توپتوغرا بىر يىل جاپا - مۇشەققەتلىك قوراللىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى 1945 - يىل 9 - ئايدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق ناھىيە - رايونلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ رەسمىي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاساسىي كۈرەش شەكلى يەنىلا قوراللىق كۈرەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىدېئولوگىيە سېپىدىكى كۈرەشمۇ قانات يايدۇرۇلدى. بۇ كۈرەشنىڭ ماھىيىتى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا قارشى تۇرۇش، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى پان ئىسلامىزمچى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى ئىنقىلاب سېپىدىن سىقىپ چىقىرىپ، ئىنقىلابنى توغرا يۆنىلىش بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ چاغدىكى ئاساسلىق ۋەزىپە خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئويۇشتۇرۇش، توغرا ئىدىيە يېتەكچىلىكىدىكى ئىرادە بىرلىكىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئەخمەتجان قاسىمى 31 ياش، ئابدۇكېرىم ئابباسوف 24 ياش ئىدى. سەيدۇللا سەيپۇللايوف، سەيپىدىن ئەزىزى، قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ تېخى 30 ياشقا توشمىغانىدى. بۇ ئىنقىلابىي رەھبەرلەر شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت تەقەززاسى بويىچە ياشلارنى ئويۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش زۆرۈرلۈكىنى قاتتىق ھېس قىلدى ھەمدە 1945 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى.

(2)

1941 - يىلدىن 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانغا قەدەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىرىدە نۇرغۇن مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. مەسىلەن، 1941 - ۋە 1942 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئەينى زاماندىكى زالىم مۇستەبىت شىڭ شىسەينىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىستىبداتلىق سىياسەتلىرىنى پاش قىلىپ، ھەقىقىي ئىنقىلاپ يولىنى تەشۋىق قىلىپ، جەڭگىۋار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى»، «ياشلار ئازادلىق ئۆمىكى»، 1943 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە «ياشلار ئىنقىلابىي بىرلەشمىسى»، 1944 - يىلى ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپتە «ياشلار تەشكىلاتى»، 1945 - يىلى ئاقسۇدا «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. تارباغاتاي، ئالتاي، كۇچا، توقسۇن، قارا شەھەر ياشلىرىمۇ مەخپىي ھالدا ئۆز تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ھەپتىلىك گېزىتلەرنى چىقىرىپ جەڭگىۋار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى، ھەتتا قوراللىق پار-

تىزانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى .
لېكىن بۇ تەشكىلاتلار ئەينى زاماندىكى مۇستە-
بىت شىڭ شىسەينىڭ تېررورلۇقى ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تۇت-
قۇن قىلىشى ئارقىسىدا ھەم تەشكىلات نىزامنا-
مىسىنىڭ چىڭ بولماسلىقى ، تەشكىلىنىڭ ساپ
بولماسلىقى ، بىر ئۇچۇم خائىنلارنىڭ ساتقۇن-
لۇق قىلىشى ئارقىسىدا ئارقا - ئارقىدىن ئې-
غىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . بىر قىسىم ئىل-
غار ياشلار بىر - بىرلەپ زىندانغا تاشلاندى ۋە
ئۆلتۈرۈلدى . بۇنىڭغا غۇلجا ئازاد قىلىنغاندىن
كېيىن غۇلجا ساقچى ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق ۋە
ھاجەتخانىسى ھەم سېپىل تۈۋىدىكى ئازگاللار-
دىن تېپىلغان ئىنقىلابچىل ياشلارنىڭ جەسەتلە-
رى دەلىل بولالايدۇ .

ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئاڭغا ئىگە
بولغان ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكېرىم ئاببا-
سوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر يۇقىرىقى تەشكىلاتلار-
نىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ ، ئۆزد-
نىڭ مۇستەقىل پروگراممىسى ۋە نىزامنامە-
سىگە ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان
«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نى قايتىدىن
رەسمىي قۇرۇپ ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ياشلىرىنى
ئۇيۇشتۇرۇش ، تەربىيىلەش ۋە خەلق ئىنقىلا-
بىغا يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتەك
مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى يۈكلىدى .

(3)

«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ، تەش-
كىلىي قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئى-
لى ، تارباغاتاي ، ئالتاي خەلقى گومىنداڭنىڭ
ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاش-
لىغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن تۇنجى ئاممە-
ۋى خاراكتېرلىك ئىنقىلابىي تەشكىلات ئىدى .

1945 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى
غۇلجىدا قۇرۇلدى . ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە
سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ياشلار تەشكىلاتى مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە ۋە مۇئاۋىن
رەئىسلىكىگە سايلاندى . سەيپىدىن ئەزىزى قا-
تارلىق كىشىلەر ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى . «ئۈچ ۋى-
لايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋاقىت-
لىق نىزامنامىسى» بېكىتىلدى .

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تارى-
خى» دېگەن كىتابتا بۇ تەشكىلاتقا باھا بېرىپ
مۇنداق دېگەن : «شۇ يىلى (1945 - يىلنى
دېمەكچى ) 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ، ئابدۇكې-
رىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ ئۆزى-
نىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان
قىلدى ھەمدە قويۇق ئىلغار تۈس ئالدى . ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئۇيۇش-
قان بۇ يېڭى ھاياتىي كۈچ ئېلىخان تۆرەمنىڭ
ۋەتەننى پارچىلايدىغان سىياسىي ھەرىكىتى بى-
لەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرىدىغان كۈچ بولۇپ
قالدى»①

«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ
مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا تەسىس قىلىن-
دى . كېيىن ئالتاي ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە
ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردە بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەر
دەرىجىلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلدى . «ئىنقى-
لابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ قۇرۇلۇشى نا-
ھايىتى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ،
ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ، تەربىيىلەش ،
خەلق ئىنقىلابىغا يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈ-
رۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە
ئالغانىدى .

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تارىخى»
مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2000 - يىل 5 - ئاي
1 - نەشرى ، ئۇيغۇرچە 234 - بەتكە قارالسۇن .

بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى ۋە خاراكتېرىنى ئې-
نىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «ئىنقى-
لابچىل ياشلار تەشكىلاتى ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى
ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ، تەربىيىلەش مىللىي
باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى
تىنچلىق ۋە ئازادلىقپەرۋەر ئەللەر بىلەن بىر-
لىشىپ مۇستەملىكىچىلەر ، تاجاۋۇزچىلارغا
قارشى ئەستايىدىل كۈرەش قىلىش مەقسىتىدە
قۇرۇلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەشكىلاتنىڭ
خاراكتېرى — ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە ئالغا
بېسىشتىن ئىبارەت .

بۇ تەشكىلات يالغۇز ياشلارنى ئۇيۇشتۇ-
رۇش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى ھەر مىللەت
ياشلىرىنى تەربىيىلەش ئۇلارنىڭ ھەربىي ، سى-
ياسىي ، ئىدىيىۋى ، پەننى ـ بىلىم قابىلىيىتى-
نى ئۆستۈرۈش ، ئازادلىق ئۇرۇش (جۈملىدىن
مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش ) مەزگىلىدىكى سەپەر-
ۋەرلىككە قاتنىشىش ، مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئۆزى-
نىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى قىلغان .

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ يۇ-
قىرى ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولغان مەركىزىي
ئىجرائىيە ھەيئەت تەركىبىگە ئۇيغۇردىن تۆت
كىشى ، قازاق ، قىرغىزدىن ئىككى كىشى ،
مۇڭغۇل ، ئۆزبەك ، تاتار ـ رۇس ، خۇيزۇلار-
دىن بىردىن كىشى قاتناشتۇرۇلغان . شۇنىڭ
بىلەن بىللە 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەر-
كىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتى تەشكىل تاپقانىدى .

بۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس ) ،
سەيپىدىن ئەزىزى ، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ،
ئابدۇللا زاكىرۇف ، ئەنۋەر خانبابا ، نەبىجان ،
ئاسىلخان شاكىروف ، بۇ قاراتشقانبايوف ، ئا-
لىم ئايتۇۋارۇف ، ئېرىكچى يۇنچى ، پۇپۇق قا-
تارلىق كىشىلەر ئىدى .

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ نىزام-
نامىسىدا تەشكىلاتنىڭ نامى ، مەقسىتى ، ۋەزى-
پىسى ، خاراكتېرى ، تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش-
نىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى . . . قاتارلىق مە-
سىلىلەر ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى . نىزامنا-
مە 6 باب 54 ماددىدىن تەركىب تاپقان . نىزام-
نامىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدا (ئىنقىلابچىل
ياشلار تەشكىلاتى ) شىنجاڭدا ياشىغۇچى پۈتۈن
ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنى ئىزچىل
خەلقچىل روھىدا تەربىيىلەپ شىنجاڭ خەلقى-
نىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس-
تا كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ ،
دەپ كۆرسىتىلگەن .

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ
مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئازادلىق سۆي-
گۈچى خەلقىمىزنىڭ خەلقچىل ھەرىكىتىنى ئا-
ساس قىلىپ ئەزالارنىڭ بىرلىك كۈچى ۋە قەد-
رىي ئىرادىسىگە دۇنياۋى خەلقچى تەرەپدارلى-
رىنىڭ ھەمكارلىقىغا تايىنىدۇ ، دەپ كۆرسى-
تىلدى .

نىزامنامىدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلا-
تىنىڭ ئەمەلىي ۋەزىپىلىرى مۇنداق كۆرسىتىل-
گەن : شىنجاڭ خەلقىنىڭ خۇسۇسەن ياشلار-
نىڭ ئايىماي تۆككەن ئىسسىق قانلىرىنىڭ بەدى-
لىگە كەلگەن ئۇلۇغ نويابىر ئىنقىلابىنىڭ
(1944 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى غۇلجا ئىنقىلابى-
نى كۆرسىتىدۇ ) غەلىبىلىرىنى ساقلاپ قې-
لىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قى-
لىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن (1 ) شىنجاڭ خەلقىنىڭ
سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ،
مەركەزلەشكەن خەلقچىل سىياسىتىنى ئاساس
قىلىپ ئىزچىل تۈردە خەلقچىل ھاكىمىيەتنى
ھىمايە قىلىدۇ ، ھەمدە ھەرقانداق جايدا ھەققا-
نىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ . (2 ) شىنجاڭدا
ياشىغۇچى بارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاق-
لىقنى كۈچەيتىپ ، باراۋەر ھوقۇقلۇق ياشاشنى
تەمىن قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ . (3 )
ياشلارنىڭ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كۈچىنى ھە-

رىكەتلەندۈرۈش بىلەن ۋەتىنىمىز بويىچە ئىز-
چىل خەلقچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ۋە
كېڭەيتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مۇتەئەس-
سىپ ئۇنسۇرلار ۋە ئىستىبدات قالدۇقلىرىغا
قارشى بارلىق چارىلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش
قىلىدۇ . (4) مەملىكىتىمىزنىڭ ھەققى خەلق
ماائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ مەدەنىي ئاقارتىش
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلىدۇ . (5) مىللىي ئىنقىلابىي ئارمى-
يىمىزنىڭ سىياسىي ئاڭ ۋە ھوشيارلىقىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇ-
ھەببىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقى-
قىي خەلقچىل ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ھەمدە
خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بېرىش-
كە تەييار تۇرىدىغان جەڭگىۋار قىلىپ تەربىيە-
لەيدۇ . (6) جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مە-
دەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك
رول ئويناپ ، ھەربىر ئىشتا تەشەببۇسچى ۋە
ياردەمچى بولىدۇ . (7) خەلق ئىچىدە كەڭ
تۈردە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى يۈرگۈزى-
دۇ . (8) خىزمەتچى ، ئىشچى دېھقانلارنىڭ
تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن قىلغان كۈ-
رەشلىرىگە ياردەم بېرىدۇ . (9) دىن ، مىللىي
مەدەنىيەت ۋە مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپلىرى-
نى تولۇق ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ .

يۇقىرىدىكىلەردىن ئىنقىلابچىل ياشلار
تەشكىلاتىدىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق تە-
سىرگە ئىگە بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ
مۇرەككەپ شارائىتتىكى كۆزقارىشى ۋە ماڭغان
يولىنىڭ «خەلقنىڭ پارلاق ئىستىقبالى» بولغان
سوتسىيالىزم يولى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بو-
لىدۇ . ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ نى-
زامنامىسىدا ياشلارنى ھەقىقىي ئىنقىلابچىل ۋە
كۈرەشچان ياشلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈ-
چۈن تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەر قوللىنىدىغانلىقى
كۆرسىتىلگەن .

A : تەلىم ـ تەربىيىنى ئەمەلىي يۈرگۈ-
زۈش ئۈچۈن تەشكىلات ئەزالىرىغا ئەتراپلىق
رەۋىشتە مەخسۇس لېكسىيە مەجلىسلىرى ھەم
نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىنى ، مۇمكىن
بولغاندا تېگىشلىك كۇرسلارنى تەشكىل قى-
لىش .

B : ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ
نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە ئىنقىلابىي گېزىت ـ
ژۇرناللار ۋە كىتابچىلارنى نەشر قىلىپ تۇ-
رۇش .

C : ياشلارنى ساغلام بەدەن قىلىپ تەربى-
يىلەش ئۈچۈن جىسمانىي تەربىيىلەرنىڭ پۈ-
تۈن خىللىرىنى يولغا قويۇش .

D : ياشلارنى ئەدەبىي ـ سەنئەت ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش .

E : مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي
تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەملىشىش .

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆز نىزام-
نامىسىدە بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولىدىغان ھەربىر
كىشىنىڭ رەسمىي ئەزا بولۇش ئالدىدا قەسەم
بېرىشىنى شەرت قىلغان ۋە قەسەم مەزمۇنىنى
مۇنداق بەلگىلىگەن :

قەسەم : مەن ئۆز ئىختىيارىم ، چىن قەل-
بىم بىلەن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا
بولۇپ كىردىم . تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىگە
قاتتىق رىئايە قىلىپ ، بارلىق قارار ۋە بۇيرۇق-
لارنى شەرتسىز ئىجرا قىلىمەن . ئىلغار ، ئىل-
مىي ئاساستا خەلقچىلىق روھنى كېڭەيتىش ۋە
تەرەققىياتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشتە قىيىنچىلىق-
لارغا قارىماي كۈرەش قىلىمەن . ئەگەر شۇ
ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلسام تەشكىلاتنىڭ ھەرقان-
داق جازاسىغا رازىمەن .

نىزامنامىدە «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكى-
لاتى» ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى بايان قىلىنغاندا
تەشكىلات ئەزاسى بولغان ھەربىر كىشى تەشكى-

لات تەۋەسسىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ئەركىن مۇزاكىرە قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى، لېكىن مەسىلىلەر قارار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنۇش كېرەكلىكى، تەشكىلات يىغىنلىرىدا، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھالقىسىدىن تارتىپ، ئەڭ يۇقىرى ئورۇنلىرىغىچە (مەركىزىي كومىتېتىغىچە) بولغان ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن رەھبىرىي خادىملىرىنىمۇ تەنقىد قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئىلمىي يۇرتلارغا ۋە خىزمەتكە كىرىشكە ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

تەشكىلاتنىڭ كاندىدات ئەزالىرى كېڭەش قىلىش ھوقۇقىغا؛ رەسمىي ئەزالار سايلاش، سايلىنىش ۋە سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

نىزامنامىدە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بەلگىلەنگەن:

تەشكىلات ئەزالىرى تەشكىلاتنىڭ قارار ـ كۆرسەتمىلىرىگە ھەمدە شۇ ۋەزىيەتتىكى تاكتىكىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىقى شەرت؛ تەشكىلات ئەزالىرى پۈتۈن تەشكىلاتنىڭ تەرتىپىنى قاتتىق ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشى ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشى، ھەمكارلىشىشى ۋە تەشكىلاتنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىشى لازىم.

تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ توغرا نىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇشى، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلىشىشى، ھەر جاي ۋە ھەر ماكاندا ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ تەشكىلاتقا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ خەلق ئاممىسىنى تەشكىلات ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىمۇ نىزامنامىدە ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

نىزامنامىدە يەنە: تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىگە ۋە بارلىق قارارلىرىغا قەتئىي بويسۇنۇشى، تەشكىلاتنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى سۆزسىز بېجىرىشى، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ھەرجايدا ھەر ۋاقىتتا سىياسىي ۋە ئومۇمىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىشى، مەركەزلەشكەن خەلقچىلىقنى ئاساس قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ۋە ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىملىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ ھەرىكەتتە بولغان كىشىلەرنى پاش قىلىش، تەشكىلاتنىڭ مەخپىي قارارلىرىنى ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدىمۇ پاش قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنغان.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

(1) مەركىزىي كومىتېتتا بىر رەئىس، بىردىن ئۈچكىچە مۇئاۋىن رەئىس، كاتىباب بۆلۈم، سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، مەتبەئە بۆلۈمى بولۇش، ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە قاراپ ھەربىر بۆلۈمگە سىياسىي كومىسسار ھەم تېخنىكا خىزمەتچىلىرى سەپلەش، خىزمەتچى خادىملارنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش ئىشلىرى مەركىزىي كومىتېت ئىختىيارىدا بولۇش.

(2) ۋىلايەت ۋە ھەربىي كومىتېتلار بويىچە بىر رەئىس، بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن رەئىس، كاتىبات بۆلۈم بولۇش؛

(3) ناھىيە، پولك بويىچە بىر باشلىق، بىر كاتىپ بولۇش، باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە سىياسىي كومىسسار مەسئۇل بولۇش؛

(4) رايون، باتالىيونلاردا ئەزالار سانىغا قاراپ بىر باشلىق بىر ھېساباتچى بولۇش.

نىزامنامىدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى 30 كىشىدىن، ۋىلايەت، ناھىيە، پولك ۋە رايون،

باتالىيونلاردىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى 20 كىشىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى؛ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ مەركىزىي كومىتېتتا توققۇزدىن 11 گىچە، ۋىلايەتلىك كومىتېتتا يەتتىدىن توققۇزغىچە، ناھىيە ياكى پولكتا بەشتىن يەتتىگىچە، رايون ياكى باتالىيوندا ئۈچتىن بەشكىچە بولىدىغانلىقى؛ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى جەھەتتە، مەركىزىي ھەيئەت رىياسەتى رەئىسى مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ئىككى يىل، ۋىلايەت، ناھىيە، پولك كومىتېتلىرىدىكىلەرنىڭ بىر يىل، رايون، باتالىيونلاردىكىلەرنىڭ ئالتە ئاي بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بىر قىسىم سايلانغانلارنىڭ قايتا سايلىنىش مۇمكىنلىكىمۇ كۆرسىتىلگەن.

نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كەلسە ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى قارارى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقى نىزامنامىدە ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەزالىق بەدىلىنى ئاساس قىلغان.

مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ھەربىي ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتا ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمىگە ھەر تەرەپلىمە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، رەھىمجان سابىرھاجىيوف قاتارلىقلار غۇلجىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرمۇ غۇلجىغا كەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە بولغان بىر قىسىم ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە خەلقچىل زاتلارنىڭ ھەممىدە ھەرقايسى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1948 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە بارلىق ئەزالىرى بىلەن مەزكۇر «ئىتتىپاق» قا قوشۇلدى. «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىدا ياشلار بۆلۈمى تەشكىل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىدىكى پائالىيىتى «ئىتتىپاق» تەركىبىدە داۋاملاشتۇرۇلدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىشلىگەن خىزمەتلەردىن بەزى مىساللار:

(1) 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىدا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ يىغىنى چاقىرىلىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېتى سايلاندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوفلار بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى تۈزۈلۈپ مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلان قىلىندى.

(2) «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپۇللايوف قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە «كۈرەش»، «ئىنقىلابچىل ياشلار»، «ئىنقىلابچىل ياشلار گېزىتى» ناملىق ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنى نەشر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ياشلارغا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن تەربىيىلەپ، فېئودال ئىدىيىگە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلات «بارلىق

ياشلار، ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇڭلار!» دېگەن چاقىرىقنى چىقىرىپ، ياشلارنى تەشكىلاتنىڭ ئىنقىلابىي سېپىگە ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئىنقىلابىي شوئار ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «كۆرەش» نىڭ باش ئىستونىغا بېزىلغان. بۇ ژۇرنال ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئاشكارا، يەتتە ۋىلايەتتە مەخپىي تارقىتىلغان.

(3) ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆز خىزمىتى جەريانىدا، ھۆكۈمەت ئەمىر ـ پەرمان، چاقىرىقلىرىنى ئىجرا قىلىش، تۈرلۈك تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: 1948 ـ يىلى باندىت ئوسمان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئالتاينى بېسىۋالغاندا ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەندى. بۇ پەيتتە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆز ئەزالىرىنى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ياشلار قولىغا قورال ئېلىپ، باندىت تازىلاش جېڭىگە قاتناشتى.

(4) ياشلار تەشكىلاتى مەدەنىي ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىدى. مەسىلەن: تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى ئورۇنلاردا 9865 نەپەر ياش ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىدا ئوقۇتۇلۇپ ساۋاتلىق قىلىنغان. تەشكىلات ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «سانايى نەفىسە» گۇرۇپپىلىرى 292 قېتىم تىياتىر ـ كونسېرت، ئەدەبىيات كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن، بۇنى 125 مىڭ 820 ئادەم (قېتىم) كۆرگەن.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئارزۇ قىلغان كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى مىللىي ئارمىيىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامدىكى ھاكىمىيەت ۋە تەشكىلاتلارغىچە ھەممىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايون بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئىتتىپاق» نىڭ باش ئورگىنىمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىزمەت ئىشلىدى، كېيىن ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن «ئىتتىپاق» ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇرغاندا، ياشلار تەشكىلاتىمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئادا قىلدى، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەزالىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى ئاۋانگارت كۈچلەردىن بولۇپ قالدى.

(بېشى 23 ـ بەتتە)

ناخشىسى بىلەن «ئەركە نايناق» ناملىق ساتىراسى يېقىنقى يىللارغىچە كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ كەلدى. ئا. رازى 1965 ـ يىل ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ نامى «سوۋېت ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيىسى» گە كىرگۈزۈلدى. ئۇ ئىجاد قىلغان ناخشىلاردىن «گۈليار» ھازىرغىچە خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ناخشىغا ئايلانغان.

مەرھۇم ئابدۇكېرىم رازى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان سىما بولۇشقا مۇناسىپ.

ماقالىنىڭ ئاساسىنى مۇھەممەدزەيىدى تەمىنلىگەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھمۇد زەيىدى.

# مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى دىنىي زاتلار توغرىسىدا

ئا . مۇزەپپەر

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا ، ئۇنىڭ شتاتىدا دىنىي زاتلار يوق ئىدى . كېيىنكى چاغدا ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بىلەن ئارمىيە شتاتىغا دىنىي زاتلار رەسمىي كىرگۈزۈلدى . بۇنىڭ سەۋەبى : شىنجاڭدا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش كۈچلۈك ئىدى . شىنجاڭغا چېگرىداش مۇسۇلمان دۆلەتلەر ، بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ، قىرغىستان ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ تىلى ، دىنىي ئېتىقادى ، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى شىنجاڭدا ياشىغۇچى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى . سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ، دىنغا ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە ئېتىبار قىلىنماي سەل قارالغانلىقتىن ، بىرمۇنچە سۆز ۋە ئىغۋارلار تارقىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جۈملىدىن ئىلى ، چۆچەك ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىرمۇنچە مۇسۇلمان خەلقلەر قېچىپ كېلىپ ، «سوۋېت ئىتتىپاقى دىننى يوقىتىدۇ» ، «مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىپ ، ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىدۇ» ، «بىر تۆشۈكتىن تاماق بېرىدۇ» ، دەيدىغان سۆزلەرنى تارقاتتى . بۇ سۆزلەر پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىپ ، سوتسىيالىزمدىن گۇماڭلىنىشتەك يامان تەسىر پەيدا قىلدى .

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدا ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن مەسلىھەتچىلەرنى كۆرۈپ ، بىرمۇنچە كىشىلەر ئەندىشىدە بولدى . شىنجاڭدىكى جاھىل گومىنداڭ گورۇھى ، مۇتەئەسسىپ تەقۋادار ئاخۇن ۋە موللىلار بولسا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكىدىلا ، ئىنقىلابچىلارنى «باندىتلار» ، «بۇلاڭچىلار» ، «ئوغرىلار» ، «قاتىللار» دەپ تەشۋىق قىلدى ؛ كېيىنكى چاغلاردا يەنە «ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر كوممۇنىزمغا ماڭىدىغان قىزىل پاچاقلار ، ئۇلار دىننى يوقىتىدۇ ، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىدۇ ، بىر تۆشۈكتىن تاماق بېرىدۇ ، خوتۇن ـ قىزلارنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىدۇ ، ئەر ـ ئاياللارنى بىر ئۆيدە ياتقۇزىدۇ» دەيدىغان ئىغۋالارنى تارقاتتى ۋە ئۇنى تەشۋىق ۋەرەقىسى قىلىپ چىقاردى . شۇنداق قىلىپ ، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىدە خەلقنىڭ رايىنى ئىنقىلابىتىن ياندۇرۇپ ، ئۇلارنى «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغۇچىلار» ، «دىنىي ئەركىنلىكنى ۋە شەخسىي مال ـ مۈلۈكنى قوغدىغۇچىلار» ، «ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئەسلىدىكى ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوغدىغۇچى قەھرىمانلار» قىلىپ كۆرسەتتى ؛ دىنغا كەڭ يول ئېچىپ ۋە ئۇنىڭغا يېشىل چىراغ يېقىپ ، دىنىي پائالىيەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتتى ؛ قۇرئان ، ھەپتىيەكلەرنى شاڭخەيدە باستۇرۇپ ئەكېلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا كۆپلەپ ھەقسىز تارقاتتى . گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇتەئەسسىپ ئاخۇن ۋە موللىلارنى كۈچەپ قوللاپ ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ياكى ئۇلارنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ ، ئۇلارنىڭ سادىق تەشۋىقات كانىيىغا ئايلاندۇردى . بۇنىڭ بىلەن

ئۇلار خەلقنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى سىياسىي، ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن پارچىلاپ، ھەربىي جەھەتتىن قوراللىق باستۇرۇش قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى بولغاچقا، جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن ھەرخىل ـ ھەررەڭدىكى ئۆسەك سۆزلەر ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلماي قالمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە دىنىي زاتلار رەسمىي كىرگۈزۈلدى. ئەڭ ئاۋۋال ئارمىيىنىڭ باش ئورگىنىغا پېشقەدەم مائارىپچى، پەننىي ھەم دىنىي جەھەتلەردىن خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە، تەرەققىيپەرۋەر زات رازىيۇپ داموللا باش ئاخۇن قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇ كىشى ھەربىي كىيىم كىيىپ، پود پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى تاقاپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ، سەللىسىنىڭ ماڭلىيىغا كاكار تاقىغان. ئاندىن داموللا رازىيۇپنىڭ تاللىشى بويىچە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى پولك، باتالىيونلىرىغا بىردىن دىنىي زات قويۇلدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالايدىغان، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بولۇپ، پولك ئاخۇنلىرىغا مايور، كاپىتان، ستارشى لېيتېنانتلىقچە، باتالىيون ئاخۇنلىرىغا پىراپورچىك ئۇنۋانلىرى بېرىلدى. ئۇلارمۇ ھەربىي كىيىم كىيىپ، سەللە يۆگەپ، كاكار تاقىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋزۋودلاردىكى جەڭچىلەردىن دىنىي ساۋاتى بارلىرىدىن تاللىۋېلىنىپ، ھەر روتىغا بىردىن ئىمام قىلىپ تەيىنلەندى. مەسىلەن، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى دۇتارنىڭ پىرى دەپ نام ئالغان ۋە ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان مۇساجان، ئاتۇشتا خىزمەت قىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان ۋە ھازىر ئورۇمچىدە تۇرۇۋاتقان ئىبلاخۇن قاتارلىقلار جەڭچى، كادىرلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئىگە ئىلغار پىكىرلىك ئىماملارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى ئىدى.

بۇ دىنىي زاتلار ھەربىي قىسىملارنىڭ يۈرۈش قىلىش، جەڭ قىلىش، تەلىم ـ تەربىيە، كادىرلارنى سەپلەش، ئۆستۈرۈش، قالدۇرۇش ياكى ئۇلارغا چارە كۆرۈش قاتارلىق ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە ۋە ئىنكاسىغا ھۆرمەت قىلىناتتى، مۇۋاپىق پىكىرلىرى قوبۇل قىلىناتتى، قوبۇل قىلىنمىسا چۈشەنچە بېرىلەتتى. ئۇلار ئاساسەن خەلق بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، قىسىم بىر يەرگە بارسا ياكى خەلقلەر قىسىمغا كەلسە، ئۇلارنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىش، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىش؛ ھەربىي قىسىم جەڭگە كىرىش ۋاقتىدا تەكبىر ئېيتىش، ئاغرىپ ئۆلگەن جەڭچىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، ۋاقىت يار بەرسە ئىختىيارىي ناماز ئوقۇيدىغانلارغا باش بولۇپ ناماز ئوقۇش قاتارلىق نورمال ۋە توغرا دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان جەڭچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئادىتى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەركىن ئىدى. غۇلجا 4 ـ پولكىنىڭ ئاخۇنى سىدىق قارى دائىم «جەڭچىنىڭ ئاسقان مىلتىقى قارىنىڭ يېنىغا ئېسىۋالغان قۇرئانىدىن ئەلا»، «جەڭچىنىڭ دۈشمەنگە ئاتقان ئوقىنىڭ ئاۋازى قارىنىڭ قۇرئان ئوقۇغان چاغدىكى ئاۋازىدىن ئەلا»، «40 يىل قىلغان ئىبادەتتىن جەڭچىنىڭ ئىككى سائەت پوستا تۇرغىنى ئەلا» دەپ تەشۋىق قىلىپ، شۇنىڭدەك قىسىم ئىچىدە روزا تۇتۇش، ئۆشرە ـ زاكات بېرىش، پىتىر ـ سەدىقە بېرىشتەك دىنىي قائىدىلەر توغرا كەلمەيدىغانلىقى، جەڭ مەشىقىنى ياخشى قىلىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقـ

ماسلىق توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، قىسمىدا زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

دىنىي زاتلار يەنە، خەلق ۋە قىسىم ئىچىدىكى بەزى ناتوغرا كەيپىيات ۋە ئىدىيىۋى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ تۇراتتى؛ ئاقارتىش مۇئەللىملىرىنىڭ ساۋاتسىز جەڭچىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشىغا، تەمىنات خادىملىرىنىڭ تاماق سۈپىتىنى تەكشۈرۈشى ۋە جەڭچى ـ كادىرلارغا بېرىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ قولىغا ۋاقتىدا ساق تېگىشىگە، تېببىي خادىملارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى كېسەللەر ۋە شەخسلەرنىڭ تازىلىقلىرىنى تەكشۈرۈشىگە ياردەملىشەتتى.

دىنىي زاتلار ئىچىدىكى ئىدىيىسى قالاق ۋە بىر قەدەر مۇتەئەسسىپلىرى شاللىنىۋېتىلەتتى. مەسىلەن، غۇلجا 2 ـ پولك 2 ـ باتالىيوننىڭ ئاخۇنى ××× «پەرز»، «ۋاجىپ»، «سۈننەت» دېگەن پەتىۋارغا ئاساسلىنىپ، جەڭچىلەرنى ناماز ئوقۇشقا زورلىغان. جەڭچىلەر ھەر كۈنى يېڭى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش، ھەربىي مەشىق قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ ئاخۇننىڭ «ئەمرىمەرۇپ» لىرىغا قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلەردىن ئۆشرە ـ زاكات، پەتىر ـ سەدىقە ئالغانلىقىنى پاش قىلغان. پولك ئاخۇنى سىدىق قارى ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. كېيىن قىسىم رەھبەرلىكى ئۇنى ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرگەن. قىسمىدا ئوفىتسېرلار «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى»، «كوممۇنىزم خىتابنامىسى»، «جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى» قاتارلىق سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى كىتابلارنى ئوقۇيتتى ۋە ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلاتتى. بۇنىڭغا بەزى ئاخۇن ۋە ئىماملارمۇ قاتنىشاتتى.

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، ئاخۇن ۋە ئىماملار مەلۇم ئىجابىي روللارنى ئويناپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرىغا كۈچلۈك زەربە بەرگەندىن باشقا، قىسىم قۇرۇلۇشىدىمۇ تېگىشلىك ھەسسىلەرنى قوشقان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ھەربىي رايونى 4 ـ كادىرلار ساناتورىيىسىدىن)

(بېشى 36 ـ بەتتە)

لەر، كۆپلىگەن مۇنبەت ئېتىزلار، بوز يەرلەر ۋە دەشت ـ باياۋانلار بار. بۇ ئۆستەڭ تاشقورغان رايونى تارىخىدا ئەڭ زور ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۆستەڭنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشىنى ئېنىقلاش تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەك ئىجادىيىتىنى ئېنىقلاشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

18. «مەلىكە قورغان» خارابىسى

«مەلىكە قورغان» ـ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تاغ ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنى مۇھىم ئۆتكىلى ھەم ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم جاي. بۇددا پىركاملى شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ۋە ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ئاۋرېل سىتەيننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «مەلىكە قورغان» قەدىمكى تاش شەھەر بىلەن زامانداش بولۇپ، تارىخىي بىر قەدەر ئۇزۇن. «مەلىكە قورغان» ھەققىدە قىزىقارلىق رىۋايەتلەر كۆپ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، «مەلىكە قورغان» تارىخىي بىلىش قىممىتىگە ئىگە، بىنكارلىق سەنئىتى قىممىتىگە ئىگە ۋە رىۋايەتلىرىمۇ بەدىئىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىي يادىكارلىقتۇر.

19. ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ـ خونجىراپ ئېغىزى

«خونجىراپ» ـ تاجىكچە «پاناھلىق جىرا» ياكى «راھەت يايلاق» دېگەن سۆز.

(داۋامى 27 ـ بەتتە)

# ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا مەھمۇد قەشقىرى

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپ «دانالار ۋە ئالىملارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورىتىدۇ ، ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ ، سۆزىنى قەدىرلەش لازىم ، ئۇلاردىن كىشىلەرگە كېرەك بولىدىغىنى ئىلىمدۇر ؛ ئۇلار ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ؛ ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولىدۇ . كېچىدە مەشئەل يورۇسا ، يولۇچى ئازمايدۇ .» («قۇتادغۇبىلىك» 51 ـ باب) دەپ يازغان .

ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىش ، ئالىم دانىشمەنلەرنى ياد ئېتىش ، ئەسەرلىرىنى ساقلاش ، كۆچۈرۈش ، كىتابەت قىلىش ، ئىلىم ـ ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ئوقۇش ـ مۇتالىئە قىلىش ، ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىلھام ئېلىش ، ئۇيغۇرلاردا خېلى بۇرۇن شەكىللەنگەن مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىدۇر .

مەھمۇد قەشقىرى XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس بولۇپ ، ئۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان . بۇ ئۇلۇغ زات ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن باشلاپ ، ئۇنىڭ ھەغدالىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ زاتنى چەكسىز ھۆرمەتلەپ ، ئالىمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى ـ قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى ، ئازىق كەنتىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل ، ھاۋاسى ياخشى ، يەر تۈزۈلۈشى مۇۋاپىق بولغان «نورۇز بۇلاق» يېنىدىكى ئېگىزلىككە خاس مەقبەرە تىكلەپ ، ② ئۇنى ھەقىقىي مۇھەببىتى ۋە چىن ھېسسىياتى بىلەن تاۋاپ قىلىپ ، 1000 يىلدىن بۇيان مەنىۋى ھەم ئىلمىي دەرگاھ سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەنلىكى③ بۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر .

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇلۇغ سىماسى يارقىن ۋە جەزبدار قىياپەتتە جىلۋىلىنىپ تۇرغان . ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرى ھەر خىل ئۇسۇل ، خىلمۇخىل شەكىللەر ئارقىلىق مەھمۇد قەشقىرىنى ياد ئەتكەن . ئۇنىڭغا ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن . ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مۇبارەك نامىدىن ئىپتىخارلانغان ، ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇچۇرلار يەتكۈزۈشكەن . بۇ ئارقىلىق ئالىمنىڭ نامىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىشىغا ھەم بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىگە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان .

تۆۋەندە 19ـ ۋە 20 ـ ئەسىر ئىچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە باشقا مىللەت مۇئەللىپلىرىنىڭ مەھمۇد قەشقىرى توغرۇلۇق قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز .

بىرىنچى ، م . قەشقىرىنىڭ مازىرى توغرۇلۇق خاس تەزكىرە تۇرغۇزۇلۇپ ، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈلۈپ تۇرغان ؛ ھەتتا تەزكىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن يادقا ئېلىنغان . بىز بىلىدىغان دەسلەپكى تەزكىرىدىن قەشقەرلىك تارىخچى ئابدۇل ئەلى 1791 ـ يىلى «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن يازغان بولۇپ ،④ بۇ خىل تەزكىرىلەر يېقىنقى يىللارغىچە خەلق قولىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان .

ئىككىنچى ، م . قەشقىرى مازىرى «ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ ، ئىلىم ئەھلى ۋە ھەۋەسكارلىرى قەرەللىك ھالدا توپلىنىپ ، تاۋاپ قىلىدىغان ، تۇنەك ئۆتكۈزىدىغان ھەم ئىلمىي ئۇچرىشىش ئېلىپ بارىدىغان خاسىيەتلىك سورۇن ، مۇقەددەس ئورۇن بولۇپ كەلگەن .

ئۈچىنچى، مۇھەممەد سادىق قەشقىرى (1725 — 1849) «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا ھىجرىيە 1252 ـ (مىلادىيە 1836 — 1837) يىلى بىر «ھەدىيەنامە» يېزىپ، قەشقەر ئوپال «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار بار:

«ھىجرىيە 1252 (كالا يىلى) ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى شەرىئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان كاشغەر قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى — مەنكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى شۇ ھەقتە ھۆججەت قىلىپ مۆھۈرۈمنى باستىمكى، مەن بىر يۈز ئون تۆت ياشقا كىرگەن تەن دۇرۇسلۇق ھالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەپلىك كەيپىياتىم بىلەن مەرىپەتنىڭ مەنبەسى بولغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۈپلەپ، ئىجتىھات قەلىمى بىلەن ۋاراقلىرىغا زىننەت بېرىپ يېزىلغان، قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان، مۈلكۈم بولغان «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىمنى كاشغەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەپنە قىلىنغان، ھەزرىتى مەۋلان، دىننىڭ قۇياشى ھۈسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرنىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە ۋە ئەبەدىي سەدىقە (قىلدىم).»⑤

بۇ ھۆججەتكە ئۆز زامانىسىدا قەشقەردىكى تونۇلغان زاتلاردىن مۇدەررىس ئۆلىما نەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىپ موللا ئابدۇرەھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ، تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، موللا فوجىلاق، زەيدۇن قۇرۇلبېگى قاتارلىقلار گۇۋاھ بولۇپ مۆھۈرلىرىنى بېسىشقان.⑥

بۇ كىتاب قەشقەر كاتتىلىرىدىن قۇتلۇق شەۋقى ھوزۇرىدا ئۇزۇن يىللار ساقلانغاندىن كېيىن، ئوغلى ئەمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم (1900 — 1985) قولىدا ساقلانغان. 1983 ـ يىلى بۇ خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇرۇمچىدە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ⑦.

تۆتىنچى، ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي، ئەھمەد زىيائىلەر «ھەزرىتى موللام» نى زىيارەت قىلغاندا ئالاھىدە شېئىر يازغان. ئابدۇرەھىم نىزارى (؟ 1797 ـ ؟ 1880) قەشقەر مەدرىسىلىرىدە مۇدەررىس بولغان، شائىر ھەم زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا باش كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئون نەچچە داستانى بار. شائىر بىر قېتىم ئوپال ھەزرىتى موللام مازىرىغا تاۋاپقا چىققاندا مۇنداق شېئىر يازغان:

«…يەنە ھەزرىتى شەيخ ھەبىبى ئەجەم،
كى قايراغىدا* قىلمىش ۋۇجۇدى ئەدەم**،
ئوپالدا يېتىپتۇر ھەزرىتى مەۋلى،
كى موللام ئاتاپ ھەزرە ئىپۇ قەۋى***
يەنە ھەم ئەزىزى ئىماملار دىبان،
دىيارى ئوپالدا بولۇپتۇر ئايان.
يانا جايى پاكى ئەزىزان دۇرۇر،
كى سەيىد جالالىدىن ئالىي نىجاد،
بولار جايى پاكى ئەسلى باغداد...»

تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي (1802 ـ 1862) قەشقەردە ياشىغان داڭلىق شائىرلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ «كىتابى غەرىب» قاتارلىق بىرقانچە يىرىك ئەسەرلىرى بار. شائىر مۇھەممەد سادىقنىڭ مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسىگە كىتاب ۋەخپە قىلىشىغا گۇۋاھچى بولغانلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزى ھەم ھەزرىتى موللام مازىرىغا تاۋاپقا چىقىپ تۇرغان.

ئۇ بىر قېتىم قىلغان زىيارىتىدە «ھەزرىتى موللام» مەسچىتىنىڭ ئىشىكىگە:

ئۈمىد بىرلە كېلىپتىمەن دەرگاھىڭغا پا-

---

* قايراق ـ كىچىك دۆڭلۈك مەنىسىدە

* * ئەدەم ـ ئۆلۈش، يوقىلىش مەنىسىدە.

* * * ھەزرە ئىپۇقەۋى ـ چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش

دىشاھىم دات ،
بۇ ھەقرۇ ـ زارى بىرلە ئەرز قىلدىم ، قىلمى-
غىل ھەربات .

1254 ، مولا تۇردۇش ئاسى كاشغەرى »
دەپ يازغان .⑨

مىلادىيە 1838 ـ 1839 ـ يىللىرى يېزىلغان بۇ مەسنەۋىنى 1940 ـ يىللىرى «رابىئە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن شائىر ئەھمەد زىيائى ھەزرىتى موللام مازىرىنى زىيارەت قىلىپ ، ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا كۆرگەن ۋە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان .

زىيارەت قەستىدە چىقتىم ئوپالغا ،
كۆزۈم چۈشتى ئۇ جايدا ئىشىكتە ، شالغا .
ئىكەن ھەرياققا نۇرغۇن خەت يېزىلغان ،
بولۇپ ساق بەئىرىسى ، بەئىزى بۇزۇلغان .
ئىشىكنىڭ شەلىدە شۇ خەت كۆرۈلدى ،
ئۇنى دەپتۇ «غەربى» دىن يېزىلدى .
ئۇچۇپ كەتمەي تۇرۇپتۇ خەت ئۆزى ساق ،
غەربى يازمىسىنىڭ ئەينى مۇنداق⑧ .

شەمسىدىن داموللام (1874 ـ 1933) ئاتاغلىق مۇدەررىس ، ئۆلىما ۋە شائىر بولۇپ ، سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغاندا ، ئۇنىڭ يېنىدىكى چاھار باغ زاراتگاھلىقىدا دەپنە قىلىنغان . شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ (1818 ـ 1902) قەبرىسىنىمۇ بىرگە زىيارەت قىلىپ قەبرە بېشىغا مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ قويغان :

«سانى* مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ئاتۇش مەشھەدى ،
ئاتىسى مىرئەھمەدى سۇلتان سۇتۇق شەيخى ئىدى .
ياخشى ئىزلار قالدۇرۇپ كەتتى ئەجەب ئول رەخمىتى ،
دىنۇ ـ مىللەت خىزمىتىدىن ئورنى بولغاي رەھمىتى .»

(«تارىم» ژۇرنىلى ، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان)

دېمەك ، مەھمۇد قەشقىرى ھەققىدە ئوبدان چۈشەنچىگە ئىگە بولغان شەمسىدىن داموللام ئۆز زامانىسىنىڭ ئەللامەسى ۋە شائىرى ھېساپلانغان مەھمۇد ھېكىمبەگنى «ئىككىنچى مەھمۇد قەشقىرى» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن .

قۇتلۇق شەۋقى (1876 ـ 1937) قەشقەردە يېتىشىپ چىققان كاتتا ئۆلىما ، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ ، قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ، قاھىرەدىكى ئەزھەر مەدرىسىدە ، ئىستامبولدا ۋە موسكۋادا ئوقۇغان ، قۇتلۇق شەۋقى مەھمۇد قەشقىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىدراكلىق ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى .

ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان «قەشقەر» ناملىق شېئىرىدا :

..................

«نۇر چېچىپ (قۇتادغۇبىلىك) خەلقنى قىلغان بەختىيار ،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرفانلار ياتۇر .
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت» ،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ ـ شانلار ياتۇر .
ئەيلىگەن شەۋقىنى مەفتۇن ئەل ئۇچۇن نۇرلار چېچىپ ، بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر .»⑨

بەشىنچى ، مىنگو يىللىرى (1911 ـ 1949) دا بىر قىسىم كۇتۇپخانىلار ئېچىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا باشقا كىتابلار قاتارىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كىتابىمۇ قويۇلۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان .

«ئابدۇقادىر داموللام كۇتۇپخانىسى» بۇنى ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى ئابدۇقادىر داموللام رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، قەشقەر شەھىرى ئوردا ئالدىدىكى قورۇسى يېنىغا تەسىس قىلغان بولۇپ ، 1920 —

* سانى — ئىككىنچى دېگەن مەنىدە

1924 - يىللىرى ئېچىلغان بۇ كۇتۇپخانىغا «دىۋان» نىڭ تۈركىيىلىك كىلىسلى رىفئەت باستۇرغان نۇسخىسىنى قويغان .⑩

بۇ نۇسخا تۈركىيىدە ھىجرىيە 1333 - 1335 - (مىلادىيە 1915 - 1917 ) يىللىرى مىخ مەتبەئەدە تىزدۇرۇلۇپ باستۇرۇلغانىدى .

«يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» - بۇ 1945 — 1949 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ تۈركىيىدە بېسىم ئاتالاي 1939 - 1941 - يىللىرى تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان نۇسخىسى قويۇلغان . بۇ كۇتۇپخانىغا «دىۋان» بىلەن بىرلىكتە «قۇتادغۇبىلىك» مۇ قويۇلغان .

ئالتىنچى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا ئۆلىما - زىيالىيلار «دىۋان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆز خەلقىگە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولغان نۇسخىسىنى تونۇشتۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، ئىرادە تىكلىگەن.

بۇ خاسىيەتلىك خىزمەتنى ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇر يېڭى دەۋر مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولغان قۇتلۇق شەۋقى باشلىغان . ئۇ تۈركىيىدە ئوقۇش جەريانىدا «دىۋان» نىڭ كىلىسلى رىفئەت باستۇرغان نۇسخىسىنى سېتىۋېلىپ، 1920 - يىللاردىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە بىرگە ئېلىپ كەلگەن ھەم بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى كۈن تەرتىپكە قويغان .⑪ 1930 - يىللاردىن كېيىن شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق ) بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە ئىشىغا رەسمى كىرىشكەن⑫ 1937 - يىلى بۇ ئىككى نەپەر مەرىپەت جەڭچىسى جالالات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن ، «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسىنى تاماملاپ نەتىجىسىنى كۆرۈشتەك خاسىيەتلىك ئىش توختاپ قالغان .⑬ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئالغان كىشى داڭلىق ئۆلىما، ئەرەب تىلىنىڭ يېتىشكەن ئۇستىسى ئىسمايىل داموللام ئىدى .

ئىسمايىل داموللام قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغان كاتتا ئالىملاردىن بولۇپ، چۆچەكتە ئولتۇراقلاشقان ، (تەكتى قەشقەرلىك ؟ ) 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ بىرىنچى تومىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان . بۇ ئالىم تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ يېڭى بولۇشىغا قارىماي، ئەسەردە بېرىلگەن لۇغەتلەرنىڭ ئەرەبچە ئىزاھلىرى ۋە شەرھى، قەدىمكى تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ئىمكان بار تولۇق ئىزاھلاشقا تىرىشقان . لۇغەتلەرنى تېپىشقا ، ئاڭلىتىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئىسىملارغا ئوخشاش مەستەرلەر (پېئىللىنىڭ ھەرىكەتناملىرى ) نى ئالدىغا قويۇپ، بەزى لۇغەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئىزاھلار بىلەن قوشۇمچە قىلىپ، خېلى قىزغىنلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەرجىمە قىلغان . ۋەھالەنكى ئۆز ئىستىلىغا مۇۋاپىق بەزى ئەرەب ئاتالغۇلىرىنى كۆپرەك ئىشلەتكەنلىكىگە قارىماي، بەزى سەۋەبلەر بىلەن بۇ شەرەپلىك خىزمەت داۋاملاشتۇرۇلماي قالغانىدى .

بۇ خىزمەتنى ئىشلەش ئۈچىنچى قېتىم ئاتاغلىق شائىر ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائىغا نېسىپ بولغان .

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ قىزغىن تەشەببۇسى ھەم ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ، قەشقەر ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم ئىمىن ئاخۇن (پېتەك ) نىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا مەرھۇم ئەھمەد زىيائى 1951 - 1953 - يىللىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى تۈركىيىدە بېسىلغان نۇسخىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان . تەرجىمىنىڭ قوليازمىسىنى ئاكىسى - قەشقەر ساقىيە مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، ئۆلىما ۋە شائىر مۇھەممەدخان مەخسۇم (پەيزى ) 8 باسما تاۋاق-

لىق دەپتەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئەسەرنىڭ ئەسلى ئەرەبچە نۇسخىسى، سول تەرىپىگە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى بېرىپ، ئەرەب خېتىنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە كۆچۈرۈپ چىققان، ھەم 1956 ـ يىلى قەشقەر جانقورغانلىق مۇدەررىس مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم قاتارلىق ئەرەب تىلىنىڭ مۇكەممەل ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە كۆزدىن كۆچۈرۈپ، Ⅲ تومىنىڭ ئاخىرقى بېتىگە: «تەرجىمان ئەھمەد زىيائى ئەپەندىم ‹دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك› ناملىق بۇ ناياپ ئەسەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلغان. بىز ئۇنىڭ ساپلىقىغا تامامەن قوشۇلۇپ، ئۆز مۆھۈرلىرىمىزنى باستۇق» ـ دەپ ئىمزالىرىنى قويغان.

1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سەيپۇللايوف ئاكا قەشقەردىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ مەتبەئە نۇسخىسى (تۈركىيەدە بېسىلغان) بىلەن ئەھمەد زىيائى تەرجىمە قىلغان ئورىگىنالىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسىدىن ××× سۈرۈشتە قىلىپ بارغان چاغدا، شۇنىڭغا بەرگەن.

تەخمىنەن 1954 ـ يىللىرى تەكتى قەشقەرلىك، كېيىن چۆچەك ۋ ساۋەندە خىزمەت ئىشلىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلغان بىر كىشى (سەيپۇللايوف ئاكابۇ كىشىنى ئەسلىيەلمىدى) «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ مەتبەئە نۇسخىسى بىلەن بىر تەرجىمە ئورىگىنالىنى سەيپۇللايوف ئەپەندىگە بېرىپ، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى مەن يورۇقلۇققا چىقىرالمىغۇدەكمەن، ئاڭلىشىمچە، سىز قەشقەردە تۇرغان چېغىڭىزدا ئەھمەد زىيائى ئەپەندىگە بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلدۇرۇپسىز، تەتقىقات ئىشلىرىدا كېرەك بولۇپ قالسا ياخشى بولغىنى، شۇڭا بۇ كىتاب ماتېرىياللىرىنى سىزگە قالدۇرۇپ قوياي، دېگەن.

«دىۋان» نىڭ بۇ تەرجىمىسىنى شۇ ئادەم تەرجىمە قىلغانمۇ، ياكى باشقا ئادەم تەرجىمە قىلغانمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. سەيپۇللايوف ئەپەندى بۇ نۇسخىلارنىمۇ ئۆيىدە بىرقانچە ئاي ساقلىغاندىن كېيىن، ××× ئەپەندىگە بەرگەن.

ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى تۆتىنچى قېتىم «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىشنى قولغا ئالغان.

بۇ ئىش 1960 — 1963 ـ يىللىرى ئىشلەنگەن. ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى دەسلەپ سالىھ مۇتەللىپوف ئىشلىگەن ئۆزبېكچە نۇسخىسى ئاساسىدا ئۇيغۇرچە ئىشلەپ چىققان. بۇرھان شەھىدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپ خوشاللىنىپ، 1945 ـ 1947 ـ يىللىرى × × ، × × ئەپەندىلەر ئۆزىگە تەقدىم قىلغان بېسىم ئاتالاي تۈركىيەدە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئۈچ توملۇق نۇسخىسىنى بېيجىڭدىن ئالاھىدە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى ئەرەبچە نۇسخىسى (رىغئەت باستۇرغان نۇسخا بولسا كېرەك ـ ئاپتور) نى تېپىپ، مۇھەممەد سالىھ داموللام بىلەن بىرلىكتە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇپ چىققان ھەم ش ئۇ ئا ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ، مىخ مەتبەئە نۇسخىلىق قىلىپ بېسىپ چىقىرىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، بۇ تەرجىمە نۇسخا قارا كىتابلار قاتارىدا كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەن[19].

ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، بىر قاتار كىتابلارنى نەشر قىلىشقا كۈچ چىقارغاندىن كېيىن، 1956 ـ يىلى نەشرىيات رەھبەرلىكىگە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نى نەشر قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ خەت يازغان[20].

بۇ خەت نەشرىيات ئارقىلىق جۇئېنلەي

زۇڭغۇلىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، زۇڭغۇلى
ئىلتىماسىنى كۆرۈپ، «ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ
مۇنداق كلاسسىك ئەسىرى بولسا، چوقۇم
چىقىرىڭلار.» دەپ تەستىق سالغان. شۇنىڭ
بىلەن ئىبراھىم مۇتىئى قەشقەرگە ئەھمەد زى-
يائى تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ
بېرىش توغرۇلۇق خەت يازغان. خەت بېرىپ
كىتاب ئەۋەتىلگىچە ئارىلىقتا «كونا كىتابلار-
نى تەكشۈرۈش ھەرىكىتى» دېگەن ھەرىك-
ەت باشلىنىپ كېتىپ بۇ ئىش ۋۇجۇدقا
چىقمىغان.

يەتتىنچى، مىنگو يىللىرىدىن باشلاپ،
1980 ـ يىللىرىغىچە نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق
مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر مەھمۇد قەشقىرى ۋە
«دىۋان» توغرۇلۇق ئىزدىنىشتە بولغان،
ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە مەھمۇد
قەشقىرى ۋە «دىۋان» نى تىلغا ئالغان ياكى
بۇلار توغرۇلۇق ئۇچۇر بەرگەن.

ئابدۇقادىر داموللام 1919 — 1924 ـ
يىللىرى، قۇتلۇق شەۋقى 1920 — 1930
ـ يىللىرى، مەمتىلى تەۋپىق 1930 ـ يىللى-
رى «دىۋان» توغرۇلۇق ئىزدىنىشتە بولغان
㉒. ئىمىن تۇرسۇن «شىنجاڭ گېزىتى»
نىڭ 1944 ـ يىللىق ساندا ئېلان قىلغان
«مىراس ۋە ۋەسىقىلىرىمىز» ناملىق ماقالى-
سىدە، ھىدايىتۇللا ئاخۇن، سابىر ئاخۇنلار 1945 ـ
يىلى موڭغۇل كۇرەدە يازغان «تۈرك ـ مو-
ڭغۇل تارىخى» ناملىق كىتابىدا㉓، بۇرھان
شەھىدى 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر
ھېيتگاھ كىنوخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قې-
تىملىق ئاممىۋى يىغىندا سۆزلىگەن سۆزىدە
㉔، ئابلىمىت روزى 1947 ـ يىلى يازغان
«ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەزكىرىسى»
ناملىق رىسالىسىدە، ئىبراھىم مۇتىئى 1948
ـ يىلى ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان ژۇرنالدا،
1949 ـ يىلى نەنجىڭدا چىقىدىغان «ھازىرقى
دەۋر» (现代) ژۇرنىلىنىڭ، 2 ـ جىلد 1
ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «تۈركى تىللارنىڭ
تارىخى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە، مۇھەم-
مەتجان سادىق «ئىككى ئۇيغۇر ئالىمى ھەققى-
دە» ناملىق ماقالىسىدە، («شىنجاڭ مائارى-
پى» ژۇرنىلىنىڭ 1956 ـ يىللىق 2 ـ سا-
نىدا ئېلان قىلىنغان)، ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-
مەد ئىمىن «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىر-
دىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» نام-
لىق ماقالىسىدە («شىنجاڭ ئىنستىتۇتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1956 ـ يىللىق 3 ـ سانى،
خەنزۇچە ئەشۇ ژۇرنالنىڭ شۇ يىللىق 4 ـ
ساندا ئېلان قىلىنغان.) گۇاڭتيەن «ئۇي-
غۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە» (
«گۇاڭمىڭ رىباۋ گېزىتى» نىڭ 1956 ـ
يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى ساندا ئېلان
قىلغان)، غازى ئەھمەد «گۈزەل سەنئىتىمىز-
نىڭ يۈكسەك رولىنى جارى قىلدۇرايلى» (
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957
ـ يىللىق ساندا ئېلان قىلىنغان)، ئەھمەد
زىيائى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تە-
رەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز»
(ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1957
ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەت-
لىك قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز)، ئابلى-
مىت روزى «ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇ-
نىڭ ‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك› ناملىق ئەسىرى»
(1957 ـ يىلى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»
نى يېزىش ئۈچۈن تەييارلانغان، 1981 ـ يىلى
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»
نىڭ شۇ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.
) گىڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يې-
زىقلىرى» ناملىق ماقالىسىدە، («جۇڭگودى-
كى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىق-
لىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، 1957
ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان) فېڭ جيا-
شىڭ، چېڭ سولو، مۇڭ ڭۇڭۋىن «ئۇيغۇر تارى-
خى ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى» (مىل-
لەتلەر نەشرىياتى، 1958 ـ، 1981 ـ يىللى-
رى نەشرى) گىڭ شىمىن، خوجىنخۇا ‹دىۋا-
نۇلۇغەتىت تۈرك› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى»
(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇ-
چە 1963 ـ يىللىق 5 ـ ساندا ئېلان قىلىن-
غان.) قاتارلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى-

دىن بۇرۇن («دىۋان» ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى) ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەمگەكلەردە مەھمۇد قەشقىرى ۋە «دىۋان» تىلغا ئېلىنىدى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى ئىلىم ـ پەن باھارى يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى يېڭى دەۋردە «دىۋان» ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالە ئەسەرلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ دىۋانشۇناسلىقنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

سەككىزىنچى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەكتەپ دۇنياغا كەلدى.

1932 ـ يىلى چۆچەك شەھىرىدە «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» نامىدا بىر يېڭىچە ــ پەننى مەكتەپ قۇرۇلغان. چۆچەك ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بويىچە «مەھمۇدىيە مەكتىپى» نىڭ نامىنى ئېنىقمۇ تولۇقلاپ «مەھمۇد قەشقىرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ شىنجاڭدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ قالغان.

توققۇزىنچى، شىنجاڭدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەش تەشەببۇس قىلىنغان.

رەسسام غازى ئەھمەد 1957 ـ يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «گۈزەل سەنئىتىمىزنىڭ يۈكسەك رولىنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدە «ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم كوچىلىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملىرىمىزنىڭ ھەيكەللىرىنى ئورناتقان بولساق، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىلىم، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولاتتى» دەپ يازغان.

ئونىنچى، 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مەھمۇد قەشقىرى توغرۇلۇق دەرس ۋە لېكسىيە سۆزلەنگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە يېڭىچە دەرسلىك ئىشلىتىلگەن. جۈملىدىن «ۋەتەن ئەدەبىياتى» ناملىق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدە مەھمۇد قەشقىرى تونۇشتۇرۇلغان.

1957 ـ يىلى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى بولغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» توغرۇلۇق يېرىم يىل لېكسىيە سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەھمۇد قەشقىرى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» توغرىلىق لېكسىيىلەرمۇ بار ئىدى㉗.

ئون بىرىنچى، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» غا مەھمۇد قەشقىرىنى رەسمىي كىرگۈزۈش پىلانلانغان.

1957 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى يېزىشنى پىلانلىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەھمەد زىيائىغا ئۆزى تەرجىمە قىلغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە ئابلىمىت روزى تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» توغرۇلۇق مەخسۇس ماقالە يېزىپ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» غا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەقلەپ قويغان ھەم مۇشۇ كىتابنىڭ ماتېرىيال ئاساسى سۈپىتىدە تەييارلانغان «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى قول يازمىلىرى كاتولىكى» (1957 ـ يىلى بېسىلغان) غا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» توغرۇلۇق ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن. 1958 ـ يىلى باشلانغان «ئوڭ» چىللىققا قارشى ھەرىكەتتە بۇ ئىش توختاپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نامىدىكى ئونلىغان يىرىك كىتابلاردا مەھمۇد قەشقەرى مەخسۇس باب قىلىپ كىرگۈزۈلگەن.

ئون ئىككىنچى، شىنجاڭ جۈملىدىن

ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان لۇغەت، قامۇس ـ ئېنسىكلوپېدىيە، قوللانما، ئىلمىي كىتابلاردا مەھمۇد قەشقىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى. «دىۋان» ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىلدى.

ئېلىمىزنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك كىتابلىرىدىن «سىخەي» (ئوكيانوس، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشرى) جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» «مىللەت» تومى (1986 ـ يىلى نەشرى)، جۇڭگو «ئەدەبىياتى» تومى (1986 ـ يىلى نەشرى)، «پەلسەپە» تومى (1987 ـ يىلى نەشرى)، «تىل ـ يېزىق» تومى، (1988 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىقلارغا، يەنە «مىللەت لۇغىتى» (چىن يوڭلىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى)، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» (ليۇدىرىن قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، سىچۈەن قامۇس نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، چىڭدۇ) «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخىدىكى شەخسلەر قامۇسى» (گاۋۋېندى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى نەشرى)، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» (ئىلىم گۈلزارى [شۆيۈەن] نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى نەشرى) «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (ۋەن ياۋبىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، سىچۈەن قامۇس نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، چىڭدۇ) ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى لۇغىتى» (1999 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان) «جۇڭگو يىپەك يولى قامۇسى» (شۆلى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى) «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى» (جى داچۈن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى)، «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، (ليۇ ۋېيشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى) «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى) قاتارلىقلاردا مەھمۇد قەشقىرى ۋە «دىۋان» توغرۇلۇق مەخسۇس ماددا بار.

نوپۇزلۇق ھەم مەخسۇس يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارخى» (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن، 1 ـ قىسىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، (1 ـ قىسىم گوباۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» (ھاجى ئەھمەد تۈزگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى)، «قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» (گىلاڭ شىمىن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى شەخسلىرى تەزكىرىسى» (شې جىڭۋاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى) «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئۆچېركلار» (گىلاڭ شىمىن يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ھاجى نۇر ھاجى يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى)، «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئۆچېركلار» (ۋېي لىياڭتاۋ يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) «ئۇيغۇر تارىخى» (ليۇ جىژشاۋ يازغان، 1 ـ قىسىم مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ ، 1986 ـ يىللىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى) «مەھمۇد قەشقىرى» ، (ئىلمىي ماقالىلەر نۇتۇقلار توپلىمى، مۇھەممەد زۇنۇن قاتارلىقلار

تەييارلىغان ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1985 - يىلى نەشرى ) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1989 - ، 1990 - يىللىرى خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە نەشرى ) «شىنجاڭ مىللەتلەر بىلىملىرى قوللانمىسى» (ۋېي خۇېيرۇن قاتارلىقلار تۈزگەن ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 1990 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ) ، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (ئەنۋەر ، خەيرىنسالار يازغان ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 - يىلى نەشرى ) ، «تارىمدىن تامچە» (ئىمىن تۇرسۇن يازغان ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 - يىلى ) ، «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلەر» (ئىبراھىم مۇتىئى يازغان ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 - يىلى نەشرى ) «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» (ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسلىكى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىلى نەشرى ) «تۈرك تارىخى» (شۆ زىڭچىڭ يازغان ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، بېيجىڭ ، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ) «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى» (جۇ شاۋزۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ) «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخى» جاڭ بىبو ، دوڭ گوياۋ باش مۇھەررىرلىكىدە . تۈزۈلگەن ، خېي لوڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى، خاربىن ، 1993 - يىلى نەشرى ) «ئۇيغۇر تارىخى» (لىن گەن ، گاۋ زىخۇۋ يازغان ، ئىچكى مۇڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، كۆكخوت ، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ) «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان ، جۇڭگو دوستلۇق كىتاب شىركىتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ، بېيجىڭ . ) «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى» (يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى ، جېڭجۇ 1996 - يىلى نەشرى ) ، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇش تارىخى» (شۇ زېڭجىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ) قاتارلىقلاردا مەھمۇد قەشقىرى ۋە «دىۋان» توغرۇلۇق ئوخشىمىغان ھەجىم ۋە سەھىپىدە بايان بېرىلدى .

ئون ئۈچىنچى ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مازىرى ئىزچىل تاۋاب قىلىنىپ ، قوغدىلىنىپ كېلىنگەن ، تەكرار رېمونت قىلىنغان ، ئالىمنىڭ ھەيكىلى ياسالغان .

م . قەشقىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغداتتىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» ناملىق مەدرىسە بىنا قىلىپ ، ئۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلغان . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، مۇدەررىسنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان . مەقبەرە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتىدىكى «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغنىڭ باغرىدىكى «سۈزۈك بۇلاق» ئۈستىگە جايلاشقان .

مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنى كىشىلەر «ھەزرىتى موللام» مازىرى دەپ ئاتاپمۇ كەلگەن . بۇ مازار 900 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان .

19 - ئەسىر ئىچىدە يەنى ھىجرىيە 1245 - يىلى (مىلادىيە 1829 — 1830 - ) بىر قېتىم ۋە ھىجرىيە 1315 - (مىلادىيە 1897 - 1898 - ) يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان .

«مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى» 1983 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى . 1984 — 1986 - يىلى چوڭ رېمونت قىلىندى .

«ھەزرىتى موللام مازىرى» مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 73 مىڭ كىلو-

ۋات مېتىر بولۇپ ، بۇ جاي ئۆز نۆۋىتىدە ، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ساياھەت ئورۇنلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا .

«ھەزرىتى موللام تېغى» نىڭ ئالدى تەرەپ پەستە يەنە 1990 - يىللىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھەيۋەتلىك ھەيكىلىمۇ تۇرغۇزۇلدى .

خۇلاسە قىلغاندا ، پۈتكۈل 19 - 20 - ئەسىر ئىچىدە ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى توغرۇلۇق بەلگىلىك چۈشەنچىدە بولغان . ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نامىنى ، كىتابىنى ۋە خاسىيەتلىك مەقبەرىسىنى ھەرخىل شەكىلدە تىلغا ئېلىپ تۇرغان .

بۈگۈنكى كۈندە ، ئۇلۇغ بۈۋىمىز مەھمۇدنىڭ بىباھا ئەسىرى بولغان «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قوللىرىدا ھەيۋەت بىلەن تۇرماقتا . ئالىمنىڭ مەقبەرىسى قايتىدىن كۆركەم ۋە سالاپەتلىك قىلىپ ياسىلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا سۈباتلىق ۋە قامەتلىك ھەيكىلى تۇرغۇزۇلۇپ ، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا بىر ئۇلۇش ھەسسىسىنى قوشماقتا .

## ئىزاھات ۋە مەنبە كۆرسەتكۈچ

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 - يىل نەشرى .

② ئى . مۇتىئى ، م . ئوسمانوۋ «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە مازىرى» ، «تارىم» ژۇرنىلى ، 1984 يىلى 3 - سان .

③⑤⑥⑦ «مەھمۇد قەشقەرى» (ماقالىلەر توپلىمى ، م . زۇنۇن ، ئا . ئۆمەر تەييارلىغان) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى .

④⑫⑮⑱ ئابلىمىت روزى «ئالىم قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركى تىللار دىۋانى›» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىلى 1 - سان .

⑧ ئەھمەد زىيائى «رابىئە - سەئىدىن» ، 94 - بەت مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1985 - يىلى نەشرى .

⑨ م . قۇربانى «شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1980 - يىللىق 3 - سان 71 - ، 72 - بەتلەر .

⑩⑪㉒㉕ ئابلىمىت روزى بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى .

⑬ ھ . ئەھمەد «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ، 195 - بەت ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1983 - يىل نەشرى .

⑭ غ . سەدۋاقاسوۋ «مەشھۇر ‹دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك› ، نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە قەشقەرلىك ئىسمايىل داموللام «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ 1 - تومىنى 1946 - يىلى تەرجىمە قىلغان ، دەپ يازغان . بۇ ماقالە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان .

⑰ سەيدۇللا سەيپۇللا يوف بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى . 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (جۈمە) چۈشتىن كېيىن .

⑲ ئۇيغۇر سايرانى بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى» 2001 - يىللىق 3 - سان ، 48 - بەت .

⑳ «ئىتتىپاقلىشىش ، ئىزدىنىش ، يول ئېچىش ، تۆھپە قوشۇش» 180 - بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى .

㉑ ئىبراھىم مۇتىئى : «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ، 2000 - يىلى 2 - سان 75 - بەت .

㉓ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى سانى .

㉔㉘ مەرھۇم دادام ئوسمان قاسىم ئەسلىمىسى ، 1980 - يىللار .

㉖ ت . تاشبايىف «مەھمۇد قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى ، 2000 - يىلى 1 - سان .

㉗ تۇرسۇن ھامىد ، ھاجى ئەھمەد ، ئابدۇرەھىم سابىدلار ئەسلىمىسى . 1998 - يىل ، 10 - ئاي .

(غەيرەتجان ئوسمان - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

# سەنئەتكار ئابدۇكېرىم رازى

مەشھۇر سەنئەتكار ئابدۇكېرىم رازى شىنجاڭدا ئۇيغۇر دراما ـ تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان تالانتلىق ناخشا ئىجادچىسى ۋە رېژىسسورى ئىدى .

ئابدۇكېرىم 1910 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى بىر مەرىپەتچى ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلدى ، ئاتىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ توماقچى ئىدى . گۈدەك ئابدۇكېرىمنى ئائىلىدە خەت ـ ساۋاتلىق قىلىپ ھۈنەر ئۆگەتكەن . ئابدۇكېرىم كىچىكىدىنلا زېرەك ، سەنئەتكە ھەۋەس قىلاتتى . بۇنى بايقىغان ئاتا ئوغلىغا ساز قورالىنى تەل قىلىپ بەرگەنىدى . 20 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتىنى ۋە قىزىقچى خۇسۇسىيىتىنى جارى قىلىپ ئامما ئىچىدە تونۇلغانىدى . 1933 ـ يىلى قەشقەردە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە ئابدۇكېرىم قەشقەر نو بېشى مەھەللىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇدى . مەكتەپتە ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتىنى كۆرسەتكەن بۇ يىگىت 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا چاقىرتىلدى ۋە بۇ يەردە ئۇيغۇر سانايىنەپسە بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدى . كېيىن ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم ياشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش مەزگىلىدە ئابدۇكېرىم رازى 1935 ـ يىلىدىكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇيدىغانلار قاتارىدا (ساگوغا ) ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى . 1937 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ يەنە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ، سانايىنەپسە ساھەسىدە بەدىئىي رەھبەر بولۇپ ئىشلىدى . ئۇ بۇ يىللاردا ئۈرۈمچى ، غۇلجا ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ سانايىنەپسە تەشكىلىنى قۇرۇش ۋە «غېرىپ ـ سەنەم» ، «قانلىق داغ» ۋە «غۇنچەم» ئوپېرالىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى .

ئابدۇكېرىم رازى 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوينالغان سەھنە ئەسەرلىرىدىن : «ئارشىن مال ئالان» ، «باي ۋە مالاي» ، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ باش روللارنى ئېلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى . ئۇ ، ماھىر ، تالانتلىق كومپوزىتور بولۇپ ، نۇرغۇن ناخشا ـ ئاھاڭلار ئىجاد قىلغان . ئۇ ئىجاد قىلىپ ئىجرا قىلغان «گۈليار» (كۆك قومۇشقا ) «داغ ـ ھەسرەت» ، «خۇشتارمەن» 30 ـ يىللاردا پاتىفون پلاستىنكىلىرىغا (سىمغا ) ئېلىنىپ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغانىدى . كېيىنرەك ئىجاد قىلغان «گۈلەمخان» تېمىسىدىكى سىمفونىيىسى كاتتا شۆھرەت قازانغان . ئۇنىڭ يازغان سەھنە ئەسەرلىرىدىن «شەرمەندىلەر» ۋە «بېخىل» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەندە قىزغىن ئالقىشلانغانىدى . ئۇنى ھەممە بىردەك تونۇغان ۋە ئېتىراپ قىلغان .

ئابدۇكېرىم رازى 1955 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كۆچۈپ كەتتى . ئۇ يەردە ئاۋۋال ئالموتا شەھىرىدىكى دۆلەتلىك ئۇيغۇر مۇزىكا دراما تىياتىرىدا ، كېيىن قىرغىزىستان پايتەختى پىشكەك شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا دېرىكتور بولۇپ ئىشلىدى . شۇ مەزگىللەردە يەنە سوۋېت كىنو ئەدەبىياتى ساھەسىدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن . ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «كومپارتىيە» ھەم «ئۇلۇغ موسكۋا» ناملىق خور ئىجاد قىلغان . «باتۇر شاماللار» ناملىق

(ئاخىرى 9 بەتتە )

# چاغاتاي ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازما ئەسەر

## «كىتابى تەبىرنامە» (چۈش تەبىرى) توغرىسىدا

تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت

چۈش ـ ئىنسانلار يەر يۈزىگە ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن مۇستەسنا بولغىنى يوق . ئۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان پسىخولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە بولۇپ ، ئىنسانىيەت گۇدەكلىك دەۋرىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ كەلگەن . پەن ـ تېخنىكا يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زاماندىمۇ كىشىلەر چۈش ھەققىدىكى خىلمۇ خىل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا . بەزىلەر ، چۈش كىشىلەرنىڭ بىر خىل مەنىۋى جەھەتتىكى ئۈمىدى دېسە ، تېبىبىي ئالىملار چۈش كۆپىنچە ھاللاردا بەزى كېسەللىك ھالىتىنىڭ بېشارىتى دەيدۇ . غەرب دۇنياسىدىكى بەزى ئالىملار چۈش سىقىلغان روھنىڭ قايتا نامايان بولۇشى ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە روھىي جەھەتتە تەسەللىي بېرىش دېگەن قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى .① بەزى تەتقىقاتچىلار چۈشتىكى ھادىسىلەرگە قاتتىق ئىشىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا سىرلىق تون كىيگۈزىدۇ . بەزىلەر چۈشكە قاتتىق رەدىيە بېرىپ ، ئۇنى قۇرۇق خىيالىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ قىلىدۇ .② يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك چۈش ئىنتايىن مۇرەككەپ ھادىسە بولۇپ ، ئۇنى بىئولوگىيە ، پسىخولوگىيە ، ئانتروپولوگىيە ، دىنشۇناسلىق ، پەلسەپە ، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . چۈشنىڭ ئۆزى قۇرۇقتىن قۇرۇق نەرسە ئەمەس . چۈنكى چۈشنىڭ ماددىي ئاساسى بار . بۇ ئاساس ئادەمنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ، بولۇپمۇ چوڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت . چۈشنىڭ پەيدا بولۇشىدا يەنە بىر ئاساس باركى ، ئۇ بولسىمۇ شەيئىلەر تارقاتقان سەزگىلى بولىدىغان ۋە سەزگىلى بولمايدىغان ھەرخىل ئۇچۇرلارنىڭ چوڭ مېڭىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئىبارەت . ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمۇ چۈشنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ . بولۇپمۇ ئادەمنىڭ مىجەزى پىسخىك ئالاھىدىلىكى ، سالامەتلىكى ۋە باشقىلارمۇ چۈش ھادىسىلىرىگە بەلگىلىك سەۋەب ھازىرلاپ بېرىدۇ .③

فولكلور نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە چۈشكە ئالاھىدە قارايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە ئىزچىل ئىزدەنگەنلىكىنى ، چۈش كۆرگەن ھامان مۇئەببىر ـ تەبىر ئېيتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ بىر خىل ئۇدۇمغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا چۈش مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم يادىكارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتماي تۇرالمايمىز .

---

① سىگمۇند فىروئىد : «چۈش تەھلىلى» ، يازغۇچى نەشرىيات ، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 37 ـ 47 بەتلەر . ئا . شۇكوزى ، س . ھېلىمنىياز «پالنامە ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

② يۇلىياڭ «چۈشنىڭ ئىلمىي تەبىرى» ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى . يۇقىرىقى كىتابقا ئېلىنغان نەقىلدىن .

③ ئا . شۇكورى . س . ھېلىمنىياز «پالنامە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارشى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 6 ـ ، 7 ـ بەتلەر

مىلادىيە IX ئەسىردە قوچۇدا ئىبسىك سادغۇن ۋە ئىنتەچۇق ئۇچۇن ئاتاپ پۈتۈلگەن ، نامەلۇم كاتىپ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا كۆچۈرۈپ قويغان «ئىرق بىتىگ» (تەبىرنامە) دە 65 تۈرلۈك چۈش تەبىرى بېرىلگەن . بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا قارىشى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، جۈملىدىن چۈش تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە

كېرەك ياخشى بىلمەي ، بۇ چۈش ئىلمىنى ،
قىلىپ ئېھتىيات ، خوپ ئۆرۈسە ئۇنى ،
كۆپ خىل ئېرۇر بۇ چۈش ئۆرۈمەك ،
ئى تەمكىن ئەر ، ئۇنى بىلمەكلىك كېرەك .
ئۆرۈۋەرمە چۈشنى ، بىلىم بىرلە ئۆر ،
قىياسەن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئۆر .

دېگەن مىسرالارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ھەقتە نۇرغۇن مىسرالارنى پۈتۈش ئارقىلىق چۈشنى قانداق ئادەمگە ئۆرۈش كېرەكلىكىنى ، ئۇنى بىلىش كېرەكلىكىنى ، شۇنداقلا چۈشكە كۆپ خىل تەبىر بېرىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن .

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىز ئارىسىدا تاكى بۈگۈنگىچە چۈش تەبىرىگە ئائىت نۇرغۇن قوليازمىلار قولدىن قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كېلىنمەكتە . مېنىڭ قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قوليازما يەنى «كىتابى تەبىرنامە» 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى (يەكشەنبە) يەكەن ناھىيىسىنىڭ كونا شەھەردىكى كىتابپۇرۇچ ھەبىبۇللا ئابدۇللادىن سېتىۋالغان ، كىتابنىڭ فورماتى 14cm×21cm بولۇپ ، كىتابنىڭ باش ئاخىرى تولۇق . جەمئىي 59 باب ، 147 ۋاراق (294 بەت) ، ھەر بىر ۋاراقتا 11 قۇر خەت يېزىلغان ، خوتەن قەغىزىگە (كونا ئۇيغۇر قەغىزى) ئىنتايىن چىرايلىق ، رەتلىك كۆچۈرۈلگەن . باب ، ماۋزۇلىرى ، مۇھىم نۇقتىلار قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان . مۇقاۋىسى كۆندىن نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئۈستىگە قاپارتما نەقىش چىقىرىلغان .

مەرھۇم تىلشۇناس ، ئۆلىما ، ئۇستاز ئابدۇرەشىت ئىسلامى 1965 ـ يىلى تۈزگەن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتولوگى» ناملىق كىتابىدا «تەبىرنامە» ناملىق كىتابنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئاپتورى ، ساقلىنىۋاتقان ئورنى ، مەزمۇنى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن .

(يۇقىرىقى كىتابنىڭ 160 ـ بېتىگە قاراڭ)

«كىتابى تەبىرنامە» ئەسلى مۇھەممەد ئىبنى شىرىن تەرىپىدىن يېزىلغان . شەيخ مۇھەممەد ئىبنى شىرىن بىزگە ناتونۇش ئەمەس ، ئۇ ھايات كەچۈرگەن دەۋر بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشىغان دەۋرىدە چوڭ پەرق يوق . شەيخ شىرىن بىلەن مەشھۇر ھەسەن شەيخلار ئوخشاش ۋاقىتتا ئۆتكەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇستازلىرىدىن ئىدى . شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىسلام ئېتىقادى ھەمدە تەقۋادارلىقى ھەممىگە تونۇشلۇق ئىدى . مۇھەممەد ئىبنى شىرىن ئىسلام دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر زات ئىدى . ئۇنىڭ چۈش تەبىرلىرىمۇ ئۆزگىچە مەزمۇنلۇق بولۇپ ئىسلام ئېتىقادى ھەمدە ھەدىسنىڭ روھى سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىسلام ئەللىرىگە كەڭ تارقىلىپ نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان . مەزكۇر كىتاب ئەرەب تىلىدىن ھازىرغىچە بىزگە ئىسمى نامەلۇم بولغان تەرجىمان تەرىپىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىلغان بولۇشى كېرەك . تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىمۇ ئېنىق ئەمەس . «كىتابى تەبىرنامە»نى پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرغان مۇھەممەد رازى تەرىپىدىن كىتابنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا بەزىبىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن . ئۇنىڭدا قەيت قىلىنىشىچە ، ئەينى زاماندىكى «... سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايى ، ئەمىرلەر توپىنىڭ نەۋدارى ، ۋەزىرلەر پىرقىسىنىڭ تاجدارى ، خەلقپەرۋەر ئادالەتنى قوغدىغۇچى ، دۆلەت سەلتەنىتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى» دەپ يۈكسەك تەرىپلەنگەن تۆمۈر بەگ ئىبنى پولات بەگنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيسى بولغان مۇھەممەد رازى تەرىپىدىن پارس تىلىدىن تۈركى تىلغا (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا) ئاغدۇرۇل-

غان . ئەسەرنىڭ تەرجىمە ئاپتورى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ :

ئول مىردىلاۋەر نىكۇزاد ،
ئەيلەپ مېنى بارچە غەمدىن ئازاد .
ھۆكۈمى ئەتتى ماڭا شۇ بۇ كىتابنى ،
تۈركىي قىلۇ كۆڭۈل ئەيلابان شاد .

مەزكۇر كىتاب شۇنىڭدىن كېيىن كۆچۈرۈلۈپ ، قولدىن قولغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن . نەشرگە تەييارلانغان «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ نۆۋەتتىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتىقان بۇ قوليازما نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈپ چىققۇچى كاتىپ تەرىپىدىن پارس ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن نەزم ۋە نەسر ئارىلاش تۆۋەندىكى بايانلارنى ئۇلاۋە قىلغان .

«شۇد بى تەۋپىقى خۇدايى لايەنامە ،
ئىن كىتابەت روزى ئازىنە تامام .
خەتىمدە ئەيبى كۆپتۇر ، ئەيىب قىلماڭ ،
ئوقۇغاندا دۇئا بىرلە ئۇنتۇماڭ .

تارىخقا يەك ھىزار دۇسەد شەشتاد ھەفتە سالى خەرگوش (1267 سىنە ) ماھى رەبىئەل ئەۋۋەلرا سەييۇم ئازىنەدەر ۋاقتى نەمازى دىگەن ئىن كىتاب تامام شۇد . بۇ كىتابى مۇھەممەد سىدىق ئاخۇن بىتىپ تامام قىلغان»

مەنىسى «دائىم ئويغاق تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كىتاب ئازىنە كۈندە تامام بولدى . خېتىمدە ئەيىب نۇقسانلار كۆپتۇر . ئەيىب قىلماڭ ، كىتابنى ئوقۇغاندا مېنى دۇئا بىلەن ياد ئېتىپ ئۇنتۇماڭ . ھىجرىيىنىڭ 1267 - يىلى ، توشقان يىلى ، رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 3 - كۈنى يەنە ئازىنە كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا بۇ كىتابنى تامام قىلدىم . بۇ كىتابنى مۇھەممەد سىدىق ئاخۇن پۈتۈپ تامام قىلغان»

بىز يۇقىرىقى باياندىن بۇ كىتابنىڭ ھىجرىنىڭ 1267 - يىلى ، مىلادىيىنىڭ 1851 - 1850 - يىللىرى مۇھەممەد سىدىق تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەرجىمە ئاپتورى بولغان مۇھەممەد رازىنىڭ 19 - ئەسىردىن ئىلگىرى ياشىغان ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن ، تونۇلغان تەرجىمان ۋە دىنىي ئۆلىما ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز .

بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە قوليازمىسىدىكى ئايەت ھەدىسلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆز پېتىچە ئېلىنىپ راۋان ، مەزمۇنلۇق شەرھلەنىشى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ مەسىلەن : تۇگمەنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە «تۇگۈرمەن» دەپ ئېلىنىشى ، ئەسەرنىڭ تەرجىمە ئاپتورىنىڭ خېلى بۇرۇن ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى پاكىتتۇر .

ئەپسۇسكى مەزكۇر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان تۆمۈر بەگ ئىبنى پولات بەگنىڭ تارىخىنى ھازىرچە ئېنىقلاشقا ئامالسىز قالدۇق .

بۇ كىتاب 59 بابقا بۆلۈنگەن . ئاپتور كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇلۇغلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان تەرتىقىسىدە كەلتۈرگەن . ئاپتور مۇقەددىمە قىسمىدا چۈشنىڭ ئەسلىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ، راست چۈشنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى ، يالغان چۈشنىڭمۇ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى ، ۋە چۈشكە تەبىر ئېيتىش ۋاقتى ۋە چۈش سورىغۇچى ساھىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبلىرىنى تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەن . شۇنداقلا چۈشنىڭ ئاساسىنىڭ خۇن ، سەپرا ، سەۋدا ، بەلغەم قاتارلىق تۆت خىل نەرسىدىن خالىي ئەمەسلىكىنى ، كىشىلەرنىڭ مىجەزى ، روھىي كەيپىياتى نورمال بولغان ۋاقتىتا كۆرگەن چۈشنىڭ ئاساسىي بارلىقى ، نورمالسىز ۋاقتىتا كۆرگەن چۈشنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوقلۇقىنى تىلغا ئالغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن بابلار بويىچە بىرنەچچە مىڭ خىل چۈش ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن .

قىسقىسى بۇ ئەسەرنى چۈش تەبىرى ھەققىدىكى نوپۇزلۇق ھەم تولۇق ساقلانغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ ، خۇددى ئاپتور مۇقەددىمىدە

كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «بۇ كىتابنى ئۆگەنگۈچىلەر تەبىر ئېيتقۇچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، بۇ كىتابتىن راست چۈشنى يالغان چۈشتىن پەرقلەندۈرۈشنى، قانداق ياتماق ۋە قانداق قوپماق كېرەكلىكىنى، ئۇخلاش ۋاقتىدا قايسى دۇئانى ئوقۇماق كېرەكلىكىنى بىلەلەيدۇ»

«كىتابى تەبىرنامە» ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازمىلار ئىچىدىكى چۈش تەبىر ھەققىدىكى بىر ئىلمىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا فولكلور ئۆرپ ئادەت تەتقىقاتىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. خۇددى گۈلنىڭمۇ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان «ھۆسنى جامالى» پۇرىقىدىن باشقا، ئۆتكۈر تىكىنى بولغاندەك مەزكۇر كىتابتىمۇ بىر قىسىم خۇراپىي مەزمۇنلار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. شۇڭا پايدىلانغۇچىلارنىڭ بۇ خىل مەزمۇنلارغا قارىتا تەنقىدىي قارىشىنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا.)

(بېشى 12 - بەتتە)

ئۇ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، قارا قۇرۇم تېغى ئۈستىدىكى خۇنجېراپ داۋىنىغا جايلاشقان. خۇنجېراپ قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتۈشمە بولۇپ، كىشىلەر قەدىمكى كەشمىر، ئەنەتكەك (ھىندى) قاتارلىق دۆلەتلەرگە مۇشۇ يول بىلەن باراتتى. خۇنجېراپ ئېغىزى 1982 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت خەلقىغە، 1986 - يىل 5 - ئايدا 3 - دۆلەت ئەللىرىگە ئېچىلىپ، شۇنىڭدىن بېرى 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن نەچچە 10 مىڭ ساياھەتچى مۇشۇ ئېغىزدىن كىرىپ - چىقىپ، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ جاينىڭ قەدەمدە بىر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان مۇزلۇقلىرى، ئاجايىپ - غارايىپ تاش قىيالىرى، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلىرى، شىپالىق چەشمە ئارشاڭلىرى، زۇمرەت كەبى كۆل - گىياھلىرى، شىپالىق چەشمە ئارشاڭلىرى، زۇمرەت كەبى كۆل - فونتالىرى، قىممەت باھالىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ھايۋانات ۋە ئۇچار - قاناتلىرى ھەمدە تاجىكلارنىڭ سېھرى كۈچكە ئىگە سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتى ئەزەلدىن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلمەكتە.

### 20. دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا - چوگىرى چوققىسى

چوگىرى چوققىسى - دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ھىمالايا چوققىسىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىغا جايلاشقان، قاراقۇرۇم تېغىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋە سەلتەنەتلىك چوققا بولغان چوگىرى چوققىسى قۇرۇلما جەھەتتە گرانت تاشلار بىلەن سىلانتېس جىنىسلىرىدىن تۈزۈلگەن. بۇ چوققىدا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك مۇزلۇقلار كۆپ. بۇلار ئىچىدە «يېڭى سۆگەت مۇزلۇقى» ئەڭ مەشھۇردۇر. زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى چوگىرى تېغى مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىپ، تاشقورغاننىڭ شەرقىدىكى جىرا ۋە جىلغا سۇلىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئېقىپ ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، تاشقورغان دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ، ئۇ يەردىن يەنە داۋاملىق ئېقىپ يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، يەكەن دەرياسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇ يەردىن يەنە داۋاملىق ئېقىپ مەشھۇر تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. دېمەك، چوگىرى چوققىسى - جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەئەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تاجىك خەلقى ئارىسىدا چوگىرى چوققىسى توغرۇلۇق رەڭگارەڭ رىۋايەتلەر ساقلانماقتا.

# تاشقورغاندىكى قەدىمكى قەلئە - قورغانلار

شېرىن قۇربان

«قىرپانە بەگلىكى»نىڭ پايتەختى تاغ جىلغىسى ئىچىدە بولۇپ، شەھەر ئايلانمىسى 10 چاقىرىم ئەتراپىدا، بۇ بەگلىكتە 12 شەھەر بار.
— «لياڭنامە. ياتلار تەزكىرىسى» دىن.
— «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى»دىن.

تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە مەدەنىي مۇھىتى ناچار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دېڭىز قاتنىشى كەشىپ قىلىنماستىن ئىلگىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ مۇقەررەر ئۆتۈشمىسى ئىدى. شۇڭا، خىلمۇ - خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ھەرخىل ئىرق - قەبىلىلەر، تۈرلۈك دىن - مەزھەپ ھادىسىلىرى، خىلمۇ - خىل تىللار ۋە ھەرخىل خاراكتېرىدىكى ھاكىمىيەتلەر بۇ يەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ ۋە بىر قىسمى يەرلىكلىشىپ، تاشقورغان رايونىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ زور بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خارابە ۋە ئىزنالىرى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن قەلئە - قورغانلار تاجىكلار تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ شاھىدى ۋە گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە پامىر ئېگىزلىكىدە ئۆز سەلتەنەتىنى نامايەن قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنى جەلپ قىلماقتا.

تاشقورغاندىكى قەدىمكى قەلئە - قورغانلاردىن ھازىرچە بىزگە ئايان بولغانلىرى «مەلىكە قورغان»، «تاش شەھەر»، «شامبابا قەلئەسى»، «تېزناپ قەلئەسى»، «جاھانگىر قەلئە»، «بەگ قەلئە»، قاتارلىقلار بار. تاشقورغاندىكى بەزى جايلارنىڭ نامى «ساي قورغان»، «بەش قورغان»، «ساھىپ قورغان»، «شىندىي قەلئە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارچە، بۇ ناملار مۇشۇ جايلاردا قۇرۇلغان قەلئە - قورغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. «تاشقورغان» دېگەن بۇ ناممۇ سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھازىرقى ناھىيە بازىرى يېنىدىكى قەدىمكى تاش شەھەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تاشقورغاننىڭ راسكام، پىل قاتارلىق جايلىرىدا نۇرغۇن نامسىز قەلئە - قورغان خارابىلىرى بار. بەزى ئېگىز تاغ ئۈستىدىمۇ توت ئەتراپى ئېنىق كۆرۈنىدىغان قورغان خارابىلىقى بار. بۇلار ھەربىي مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى قورغانلار بولسا كېرەك.

سەھىپە چەكلىمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەردە بىز بىرقانچە قەلئە قورغاننىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

«مەلىكە قورغان» - ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە مەركىزىدىن جەنۇبىدا 70 كىلومېتىر ئوپچۇرىسىدىكى يىراقلىقتا بىر ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز كېلىدىغان سەككىز پامىرنىڭ بىرى بولغان «تاغدۇمباش پامىر» دائىرىسىگە كىرىدۇ. قورغان تۇرۇشلۇق تاغنىڭ ئاستىدىن ھەيۋەتلىك تاشقورغان دەرياسى ئېقىپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ قولاقنى يارغىدەك شاۋقۇنى ئەتراپتىكى

تاغلاردىن چىققان ئەكس سادالار بىلەن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ زور شاۋقۇنلۇقنى ھاسىل قىلغان. «مەلىكە قورغان» مانا مۇشۇ زور شاۋقۇن ئىچىدە كىشى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان يىل، ئاي، كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدە قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا.

«مەلىكە قورغان» نىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. قورغاننىڭ پۈتۈن دائىرىسى بىر كۋادرات كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئارقا تەرىپى تاغقا يۆلىنىپ تىك چىقىرىلىپ ياسالغان. ئالدى تەرىپى پۈتۈنلەي تىك تاش قىيا. قورغاننىڭ غەربىي تېمى سېرىق توپىلىق بىلەن قوپۇرۇلغان. قورغاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا چىقىشقا بولىدىغان شېغىل يانتۇلۇق بولغاندىن باشقا، قالغان تەرىپى ھەتتا ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان تىك قىيالىقتۇر. قورغانغا ئەنە شۇ يانتۇلۇق بىلەن چىققىلى بولىدۇ. «مەلىكە قورغان» ئورۇن ئالغان تاغ چوققىسى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجى پەسىيىپ بارغان يانتۇ تەكشىلىك بولۇپ، قورغانمۇ دەل مۇشۇ چوققىنىڭ تەبىئىي شەكلى بىلەن ئوخشاش ياسالغان. يەنى قورغانمۇ غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. قورغاننىڭ غەربىي قىسمى ئارقا تاغدىن ئۈزۈلگەن يانتۇلۇق بولۇپ، قورغاننىڭ كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزىمۇ مۇشۇ يەردە. قورغاننىڭ شىمالىي تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدە بىر جىلغا بار. بۇ جىلغىمۇ قورغاننىڭ نامى بىلەن «مەلىكە قورغان جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىدە تاشقورغان دەرياسى بولۇپ، دەريانى بويلاپ قەدىمكى يىپەك يولى ۋە ھازىرقى قاتناش يولى ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق ئەۋزەل تەبىئىي توساق بولغاچقا، قورغاننىڭ تاملىرى ئانچە ئېگىز قوپۇرۇلمىغان. دېمەك قەدىمكى قورغان قورغۇچىلىرى ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تاغ چوققىسىنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. قورغاننىڭ ئىچى ئاللىقاچان خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ـ خانە ئىزلىرى ۋە تام ئىز ـ خارابىلىرى يەنىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. قورغان ئىچىدە تەنھا ئۆسكەن بىر ئارچا دەرىخى بار. قورغاننىڭ سىرتىدا شەرق تەرەپتە ھەممە يەرنى كۆزەتكىلى بولىدىغان بىر قاراۋۇلخانا بار.

«مەلىكە قورغان» ھەققىدە تۇنجى يازما ماتېرىيال تاڭ دەۋرىدىكى بوددىست شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە كۆرۈلىدۇ. شۈەنزاڭ «مەلىكە قورغان» ھەققىدە جۇزئى مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەن تەڭ يەنە تاجىك خەلقىنىڭ «مەلىكە قورغان» رىۋايىتىنىمۇ ئۆز خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن تاشقورغانغا كېلىپ، «مەلىكە قورغان» نى كۆرگەن. ئۇ، قورغاننىڭ سۈرىتىنى تارتقان ۋە «مەلىكە قورغان» رىۋايىتىنى خاتىرىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «مەلىكە قورغان» دۇنيادا نام چىقىرىپ، ئارخېئولوگلار بىلەن ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىدىغان جايىغا ئايلاندى.

«مەلىكە قورغان» ھازىر تاشقورغاندىكى مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىشىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاش، ئۇنىڭ دەۋر شارائىتى ۋە قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، تاجىكلارنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش:

تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر خارابىسى ھازىرقى تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە تاشقورغان دەرياسى ئەلاد بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدە ۋەرشىدې كەنتى، شىمالىي تەرىپىدە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزى بولغان قەدىمكى شامبابا قەبرىگاھى بار. كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزى تېپىلغان جىرغال خارابىسى تاش شەھەرنىڭ 30 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان.

تاش شەھەر ئىچكى شەھەر ۋە تاشقى شەھەر دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. تاشقى شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 3800 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شەھەرنىڭ بۇ قىسمى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، سېپىل خارابىلىرى، ھەربىي پوتەي ئىزنالىرى، ئاھالىلەرنىڭ ئۆي - خانە ئىزلىرىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىچكى ھەر نىسبەتەن بېجىرىم بولۇپ، قەدىمكى زامان قۇرۇلۇشىنىڭ سەلتەنەتىنى نامايەن قىلالايدۇ. ئىچكى شەھەرنىڭ كۆرۈنۈشى نىسبەتەن ھەيۋەتلىك، ئۇ ئاساسەن شاھ ئوردا - قەسىرىسى، ھەربىي - مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي - جايلىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلاردىن تەركىب تاپقان. ياسىلىش جەھەتتە، كىچىك شەھەر دۆڭلۈك ئاستىدىن قوپۇرۇلۇپ، دۆڭلۈكنىڭ ئۈستى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆركەم راۋاقلار چىقىرىلغان. شۇڭا، شەھەر ئورنى يەر يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز تۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەر قورغىنى ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ تەبىئى شەكلى بويىچە ياسالغانلىقتىن، شەھەرنىڭ قورغان شەكلى يا تۆت چاسا ئەمەس، يا يۇملاق، ئەمەس. بەلكى ئاستى كەڭ، ئۈستى تار بولغان ھېلىقى دۆڭلۈكنىڭ شەكلى بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش.

«بەگلىكنىڭ پايتەختى ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە بولۇپ، كەينى تەرىپى شىتۇ دەرياسى (تاشقورغان دەرياسىنىڭ قەدىمى نامى)غا قاراپ تۇرىدۇ»، بۇ «يېڭى تاڭنامە»، «ئۇلۇغ تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلەردىكى تاش شەھەر ھەققىدىكى خاتىرە. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى راھىپلاردىن فاشيەن، سۈڭ يۈن، شۈەنزاڭ ۋە گرېك جۇغراپىيە شۇناسى پتولمى، ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ستەيىننىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تاش شەھەر توغرۇلۇق خېلى تەپسىلاتلار بار. يۇقىرىدىكى ماتېرىياللار بويىچە قارىغاندا، تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پولى بەگلىكى»، ۋېي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قىرپانە بەگلىكى»، «پامىر بوقالى»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر ئىچىدە تاشقورغان رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ئۇ ئەمگەكچان تاجىك خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخى قىسمەتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. شۇ سەۋەبلىك، بۈگۈنكى كۈندە تاشقورغانغا بارىدىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئەڭ ئاۋۋال قەدىمكى تاش شەھەرگە بېرىپ، تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى تاۋاپ قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1990 - يىلى تاش شەھەر بىلەن جىرغال مەدەنىيەت خارابىسىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قىلىپ بېكىتتى.

«شامبابا قەلئەسى» تاشقورغان ناھىيە ۋە رىشدې كەنتىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالغان. قەلئەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە خەلق رىۋايەتلىرى بار بولۇشتىن تاشقىرى تۇزۇكرەك ماتېرىيال يوق. ئەمما قەلئەنىڭ يېنىدىكى قەلئە نامى بىلەن ئاتىلىدىغان «شامبابا قەبرىگاھى»دىن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزى چىقتى. بۇ مەدەنىيەت ئىزىنىڭ ھازىرقىسى بىلەن بولغان ۋاقىت ئارىلىقى 2500 يىلدىن 4000 يىلغىچە قەدەر ئىكەن. ئارخېئولوگىيىلىك بۇ تېپىلىشىدىن «شامبابا قەلئەسى»نىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ۋە مۇھىملىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. «تېزناپ قەلئەسى» خەلق ئىچىدە «يۈز ئۆيلۈك قەلئە» نامى بىلەن مەشھۇر. تۆت دەرۋازىلىق بۇ قەلئە تارىخىمۇ تاجىك ۋە تاشقورغان رايونىنىڭ يىراق قەدىمى تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. «لياڭنامە» قاتارلىق تارىخنامىلاردا قەيت قىلىنغان تاشقورغاندىكى قەدىمكى 12 شەھەرنىڭ ئورنىنى تېپىپ ئېنىقلاش، تەتقىقاتتىكى ھەل قىلىنغۇسى مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)

# قەشقەر ـ تاشقورغان يولى ساھىلىدىكى مەنزىرىلىك جايلار ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى

شېرىن قۇربان

قەشقەر ـ تاشقورغان يولى ـ قەدىمكى زاماندىكى قەشقەر ـ تاشقورغان كارۋان يولى (يىپەك يولى)، 1957 ـ يىلى ياسىلىشقا باشلىنىپ، 1958 ـ يىلى رەسمىي قاتناش باشلانغان قەشقەر ـ تاشقورغان تاشيولى ۋە 1986 ـ يىلى ياسىلىشقا باشلىنىپ، 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قاتناش باشلانغان «جۇڭگو ـ پاكىستان قاراقورۇم دوستلۇق يولى» دىن ئىبارەت. يوللارنىڭ ئورتاق نامىدىن ئىبارە يېزىقتا ئېلىنغان ۋاقىتتىن ھېسابلانغاندا، مەزكۇر يولنىڭ قاتناش تارىخى 2500 يىلغا يېقىنلىشىدۇ.

تارىختىن بۇيانقى قەشقەر ـ تاشقورغان يولى قەشقەر بوستانلىقىدىن چىقىپ توققۇزاق، ئوپال، چامئېرىق، ئويتاغ قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، گەز جىلغىسىغا بارىدۇ، ئۇ يەردىن گەز دەرياسىنى بويلاپ، كۈنېنلۇن تېغى بىلەن تەڭرى تېغى ئۆزئارا قوشۇلىدىغان پامىر ئېگىزلىكىگە قاراپ تەدرىجىي ئېگىزلەپ بارىدۇ. بۇ يول ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغا، دەھشەتلىك ئېقىن ۋە تىك قىيا ـ ھاڭلاردىن ئۆتۈپ، بۇلۇڭكۆل دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كېلىدۇ. ئۇ يەردىن غەربىي يۆنىلىش بويىچە ماڭغاندا، ئۆزبېل تاغ يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغىلى بولىدۇ؛ شەرقىي ـ جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە ماڭغاندا، قوشكېزەك كەبى كۆككە تاقاشقان قوڭۇر تاغلىرى باغرىدىن ئۆتۈپ، قارا كۆلگە بارغىلى؛ ئۇ يەردىن ئۇلۇغ راۋات داۋېنى (مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ غەربىي يېنىدىن ئورۇن ئالغان، سۇ بېشى داۋىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)غا چىققىلى بولىدۇ؛ ئۇ يەردىن ماڭسا ئاندىن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دائىرىسىگە كىرىپ، مۇزتا ئاتا باغرىدىكى تاغارما چىمەنزارلىقى ۋە تەڭگى جىلغىسىنى ئۇ يەردىن تىزناپ دىيارىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرىغا كىرىدۇ. تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىن تاشقورغان دەرياسىنى بويلاپ، 125 كىلومېتىر مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، دېڭىز يۈزىدىن 4780 مېتىر ئېگىز بولغان مەشھۇر خونجىراپ داۋىنىغا چىقىدۇ، خونجىراپ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ پاكىستان دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتى پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد شەھىرى. قەشقەر بىلەن ئىسلامئابادتىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىكى مۇساپە 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى 415 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ـ تاشقورغان يولى 291 كىلومېتىر كېلىدۇ، قالغان قىسمى تاشقورغان بىلەن پاكىستان ئارىلىقىدىكى جايلاردۇر.

قەشقەر ـ تاشقورغان يولى ساھىلىدا ئۇلۇغ تەبىئەت ئاتا قىلغان نۇرغۇن تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار ۋە ئىنسان ـ ئادەمزات بەرپا قىلغان نۇرغۇن تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى بار. بۇلار بىباھا ساياھەت بايلىقى ۋە تىلسىمات سەيلىگاھلار بولۇپ، بۇلارنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا، شۇنداقلا ياش ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش، ئۇلاردىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىش تولىمۇ زۆرۈر ۋە تەخىرسىزدۇر. ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتىكى

مەقسەت - مەۋقەسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە !

**1 . ھەزرىتى مەھمۇد قەشقىرى مازىرى**

قەشقەر شەھىرىدىن يولغا چىقىپ ، غەربىي - جەنۇب يۆنىلىشى بويىچە 45 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن بىر قەدىمىي دىيارغا بارغىلى بولىدۇ . بۇ ، كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپال يېزىسى بولۇپ ، ھاۋاسى ساپ ، مەنزىرىسى گۈزەل . بۇ جايدا ئۇيغۇر قاراخانىلار خاندانلىقىغا ئائىت نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىق بار . بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى مەھمۇد قەشقەر مازىرى ئەڭ داڭدار ۋە مۇقەددەستۇر . «ھەزرىتى موللام تېغى»دىن ئەبەدىيلىك ئورۇن ئالغان ، «ھەزرىتى موللام بېغى» بىلەن ئورالغان مەھمۇد قەشقىرى مازىرى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك بولۇپ ، ھەر يىلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن سەيلە - ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا . مەھمۇد قەشقىرى مازىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سۈرلۈك ھەيكەل قەشقەر - تاشقورغان يولى ساھىلىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ۋە مۇقەددەس سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ .

**2 . گەز دەرياسى ساھىلىدىكى ئۈچ كەپە قونالغۇسى**

قەشقەر - تاشقورغان يولى بويلىرىدىكى قەدىمكى كارۋان يولى قونالغۇ مەنزىرىسىدىن 16 سى ھېلىھەم ساقلانماقتا . بۇلار ئىچىدىكى ئۈچ كەپە قونالغۇ مەنزىرىسى سەيلە - ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلماقتا . ئۈچ كەپە قونالغۇسى گەز دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىن قەشقەر - تاشقورغان يولى ياقىسىدىن ئورۇن ئالغان ، تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ ئۈچ كەپە بېجىرىم ساقلانغان بولۇپ ، ھەربىر كەپىگە 10 دەك ئادەم سىغىدۇ ، كەپىلەرنىڭ ئەتراپىدا كىچىك ئوتلاقلار بار ، ئاستى تەرىپىدىن گەز دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ . بۇ كەپىلەر قەدىمكى دەۋرلەردە كارۋان يولىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان . شۇڭا ، بۇ نام تارىخىي ئەسىرلەر سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماستىن ، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرنال سەھىپىلىرى ، رەسىملىك ژۇرناللار ۋە مەجمۇئەلەردە كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالماقتا .

**3 . قوشكېزەك قوڭۇر چوققىلىرى**

پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەيۋەتلىك مۇز تاغ ئاتا بىلەن تۇتاش تاغلار دۇنياسىدا قوڭۇر تاغلىرىمۇ بار . بۇ تاغدا ئىككى ئېگىز مۇزلۇق چوققا بولۇپ ، بىرى ، «قوڭۇر چوققىسى» ، يەنە بىرى ، «قوڭۇر توققۇز چوققىسى» دەپ ئاتىلىدۇ . خۇددى قوشكېزەكلەردەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ ئىككى چوققا ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى ۋە بەھەيۋەتلىكى بىلەن ئالاھىدە مەشھۇر . كىشىلەر ئېغىزىدا «چوڭ قوڭۇر چوققىسى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ چوققا دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 7719 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، ئۇ پامىر تاغلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىمۇ ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ . ئۇ يەنە دۇنيا بويىچە 3 - چوڭ چوققا دەپمۇ ئاتىلىدۇ . قوڭۇر تېغى چوققىلىرى غايەت زور مۇز قاتلاملىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، بۇ چوققىدا جەمئىي 20 چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بار . قوڭۇر توققۇز چوققىسى - ئىسمى - جىسمىغا لايىق كۆپ چوققىلىق تاغ بولۇپ ، «كىچىك قوڭۇر» ياكى «ئىككىنچى قوڭۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 7590 مېتىر ئېگىز . قاتمۇ - قات مۇز بىلەن قاپلانغان قوڭۇر چوققىلىرى ياز كۈنلىرى سۇ بولۇپ ئېرىپ گەز دەريا ئېقىنىنى ھاسىل قىلىدۇ . گەز دەرياسى سۇيى قەشقەر بوستانلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ .

قوڭۇر چوققىلىرى ئىنتايىن مەنزىرىلىك بولۇپ ، ھەر يىلى نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تاغقا چىقىش كوماندىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا . ساياھەتچىلەر ئاتايىتەن كېلىپ قوڭۇر تاغلىرىنى تاماشا قىلماقتا .

**4 . قارا كۆل مەنزىرىلىك رايونى**

قارا كۆل ـ پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئەڭ چوڭ كۆل بولۇپ، ئۇ مۇزتاغ ئاتا باغرىغا جايلاشقان كۆلنىڭ ھەجمى چوڭ، سۈيى سۈزۈك، ئەتراپى ياپ يېشىل چىمەنلىك بولۇپ، ئىنتايىن مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. قەشقەر ـ تاشقورغان تاشيولى بۇ كۆلنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ يىلانسىمان ئۆتىدۇ. كۆلدە قىممەتلىك تاغ بېلىقلىرى بار. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1990 ـ يىلىدىن بۇيان قاراكۆل ئەتراپىدا مېھمانخانا، ئاشخانا، ماگىزىنلارنى ئېچىپ، سەيلە ـ ساياھەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، تاغقا چىقىش ئۆمەكلىرى، سەيلە ـ ساياھەتچىلەر بۇ جايغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرماقتا.

**5. ئەرشتىكى ئۆتۈشمە ـ ئۇلۇغ راۋات داۋىنى**

جۇڭگو ـ پاكىستان قاراقۇرۇم دوستلۇق تاشيولىدا ئىككى ئېگىز داۋان بار. ئۇنىڭ بىرى ـ ئۇلۇغ راۋات داۋىنى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4130 مېتىر ئېگىز، يەنە بىرى، خونجىراپ، داۋىنى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4780 مېتىر ئېگىز. ئۇلۇغ راۋات داۋىنى قەشقەر ـ تاشقورغان يولىدىكى ئەڭ سۈرلۈك داۋان بولۇپ، داۋان ئۈستىگە چىققاندا ئادەم ئۆزىنى خۇددى ئەرشتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ داۋاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان بولۇپ، تومۇز كۈنلىرىدىمۇ بۇ جايدا بىر كۈن ئىچىدە تۆت پەسىلنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**6. تاجىك مىللىتىنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھى تاغ ـ مۇز تاغ ئاتا**

مۇز تاغ ئاتا ئورۇن ئالغان پامىر ئېگىزلىكى كوھىستان دۇنياسىدۇر. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دۇنياغا مەشھۇر بولغان زور تاغ تىزمىلىرىدىن ھىمالايا تاغ تىزمىسى، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى، تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى پامىر ئېگىزلىكىدە ئۆزئارا قوشۇلىدۇ ياكى پامىر ئېگىزلىكىدىن تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلىدۇ. پامىردىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر تاغ ـ «مۇزتاغ ئاتا»دۇر. «مۇزتاغ ئاتا» تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇز تاغ چوققىسى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق بولۇپ، مۇزلۇقنىڭ قېلىنلىقى 200 مېتىر كېلىدۇ. زاپاس سۇ مىقدارى 23 مىليارد كۇپ مېتىرغا يېتىدۇ. «مۇزتاغ ئاتا» تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس سۇ ئامبىرى. مۇز تاغ ئاتا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا «مۇز تاغ ئىلاھى» نامىغا مۇناسىپ. «مۇزتاغ ئاتا» ـ مەشھۇر تەڭرى تېغىنىڭ ھايات مۇئەككىلى، شىنجاڭدا ھاياتلىقنىڭ ھامىيسى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» لارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن ساياھەتچىلەر، تاغقا چىققۇچىلار بۇ جايغا كېلىپ، ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا.

**7. «ئىلاھى گۈل»دىن يارالغان تاغارما چىمەنزارلىقى**

تاغارما چىمەنزارلىقى ـ مۇز تاغ ئاتا باغرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ، تاشقورغان رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئويمانلىق ۋە ئوتلاق بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8000 مودىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 3050 مېتىر ئېگىز. تاغارما ئوتلىقى تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، يەر تۈزلۈكى نىسبەتەن تۈز، سان ـ ساناقسىز بۇلاق چەشمىلەر توپلاشقان سەۋەبلىك، سازلىق ۋە ئويمانلىققا ئايلانغان. بۇ جاي تاشقورغاننىڭ ئەڭ چوڭ ئوت ـ چۆپ بازىسى. قىش كۈنلىرى بۇ يەردە ساناقسىز قوتاز، كالا، تۆگە، ئات، ئېشەك، قوي ۋە

ئۆچكىلەر يايلىشىپ زېمىستاندىن چىقسا ، باش كۈز مەزگىلىدە بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى كىشىلەر ئورۇپ ، قىشلىق يەم - خەشەك هازىرلايدۇ . ئېنىقلىنىشىچە ، هەر يىلى بۇ ئوتلاقتىن 1 مىليون كىلوگرام ئوت - چۆپ ئورۇۋېلىنىدىكەن . بۇ جايدا يەنە كۆركەم مەنزىرىلەر ، شىپالىق بۇلاق - ئارشاڭلارمۇ بار . تاجىك رىۋايەتلىرىدە تاغارما چىمەنزارلىقى «مۇز تاغ ئاتا» ئۈستىدىكى «ئىلاهى كۆل»دىن يارالغان دەپ تەرىپلىنىدۇ .

### 8 . شىپالىق بۇلاق - تاغارما ئارشىڭى

قەشقەر - تاشقورغان يولى ساهىلىدا بۇلاق - ئارشاڭ بىر قەدەر كۆپ . بۇلاردىن شارائىتى نىسبەتەن ياخشى ، ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغىنى تاغارما ئارشىڭىدۇر . بۇ ئارشاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناهىيىسىنىڭ تاغارما يېزىسىدىكى بورغال كەنتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چەربەسىن جىلغا ئېغىزىغا جايلاشقان . قەشقەر - تاشقورغان يولى بويىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ، قاتناش شارائىتى ياخشى ، دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىر ئېگىز . ئارشاڭنىڭ هارارىتى 67 سىلسىيە گرادۇس ، ئېقىش مىقدارى ئىككى سېكۇنت - لېتىر كېلىدۇ . ئارشاڭ سۈيى تەركىبىدە گۈڭگۈرت ، ناترىي ، كالتسىي ، مانگان ، كۆمۈش ، بور قاتارلىق ئېلېمېنتلار مول هەم تەڭپۇڭ بولۇپ ، ئىسسىنىش ، يۇيۇنۇش ، داۋالىنىش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدۇ . بۇلاقنىڭ سۈيىدا يۇيۇنۇپ داۋالانغاندا ، رېماتىزم ، بەل - پۇت ئاغرىقى ، سوغاق ئۆتۈش ، تېرە كېسەللىكى ، ئاياللار كېسەللىكى ، قان بېسىمى يۇقىرىلىق ، تۇغماسلىق ، قاتارلىق كېسەللەرگە ئۈنۈم بېرىدۇ . شۇڭلاشقا ، هۆكۈمەت 300 كۋادراتمېتىرلىق داۋالاش ساناتورىيىسى سېلىپ شەرت - شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ بەردى .

تاغارما ئارشىڭىنىڭ ئەتراپى چىمەنلىك بولۇپ ، ساياهەتچىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاهى هېسابلىنىدۇ ، ئارشاڭ يېنىدا تۇرۇپ قارىسا ، مۇز تاغ ئاتا مەنزىرىسى بىلەن تاغارما چىمەنزارلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ .

### 9 . تەڭگى جىلغىسىدىكى پەهلىۋانى رۇستەم ئىزنالىرى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناهىيىسىنىڭ تاغارما يېزىسى بىلەن تىزناپ يېزىسى ئارىلىقىدا بىر تاغ بار . تاجىكلار ئۇنى «تار تەيىچ» (قارا تاغ مەنىسىدە) دەپ ئاتايدۇ . بۇ تاغنى كېسىپ ئۆتىدىغان جىلغا مۇشۇ جىلغىنى بويلاپ ماڭىدۇ ، «مۇز تاغ ئاتا» سۈيىمۇ «تەڭگى» جىلغىسى ئىچىدە يىلانسىمان ئېقىپ تۇرىدۇ . «تەڭگى»نىڭ شىمالىي ئېغىزىدىكى بىر تاغ قاپتىلىدا بىر قەدىمىي قەبرە ئىزى بار بولۇپ ، قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە - سەككىز مېتىر ، كەڭلىكى تۆت - بەش مېتىر كېلىدۇ . كىشىلەر بۇ قەبرىنى هۆرمەت هېسسىياتى بىلەن «رۇستەم پەهلىۋان قەبرىسى» دەپ ئاتىشىدۇ ، بۇ قەبرە توغرىسىدا كىشىلەر ئېغىزىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەر هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە . جىلغىنىڭ جەنۇبىي چىقىش ئېغىزىدا بىر بۇلاق بار ، كىشىلەر ئۇنى «رۇستەم بۇلىقى» دەپ ئاتايدۇ . بۇلاق يېنىدىن جەنۇبقا قاراپ ئازراق ماڭسا ، گۇمبەز شەكىللىك نۇرغۇن قوم ، سېغىز دۆڭلۈكلىرى كۆرۈنىدۇ ، بۇنى كىشىلەر «بېق - بېقىن» (دۆڭلۈك مەنىسىدە) دەپ ئاتايدۇ . ئېلىمىز تاجىكلىرى رۇستەم پەهلىۋانىنى تاشقورغاندا ياشاپ ئۆتكەن شەخس دەپ قارايدۇ ، ئەمما بۇ هەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق . مەدەنىيەت مىراسلىرى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، تاشقورغاندىكى «پەهلىۋانى رۇستەم» نامى بىلەن ئاتالغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى ۋە بۇ هەقتىكى رىۋايەتلەر بىلىم ئېلىش ، ئىزدىنىش ۋە ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە .

### 10 . قۇلچاق مازىرى

قۇلچاق - تاجىك خەلقىنىڭ مەشهۇر ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەهرىمانى . ئۇ ، 1931 - يىلدىن 1936 - يىلغا قەدەر سەرىكۇلدە مەھكە-

مىسىنىڭ ھاكىمى بولۇش جەريانىدا، تاجىك خەلقىنىڭ چەت ئەل باسمىچىلىرىغا قارشى كۆرەشلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك جاسارەت داستانلىرى ۋە ئىز قالدۇرغان. ئۇ، تىزناپ يېزىسىنىڭ چۇشمان كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، جەسىتىمۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

قۇلچاق مازىرى قەشقەر - تاشقورغان يولى ياقىسىدا بولۇپ، شىمالىي تەرىپى تاشقورغان دەرياسىغا، غەربىي تەرىپى چۇشمان كەنتىگە، جەنۇبىي تەرىپى شۇش (قۇم) داۋىنىغا قارايدۇ. مازار - مەقبەرە ۋە قەبرىدىن تەركىب تاپقان. قەبرە تۆت چاسا شەكلىدە بولۇپ، تاغ ۋە خىشتىن قوپۇرۇلغان، مەقبەرە بىر قەدەر سۇرلۇك بولۇپ، تاملىرىغا قۇلچاقنىڭ ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تۇلپار، مىلتىق، بۈركۈت، كىيىم - كېچەك رەسىملىرى سىزىلغان ۋە بۇ رەسىملەر چىرايلىق نەقىشلەر ئىچىگە ئېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇلچاقنىڭ بېشىنى دۈشمەنلەر كېسىپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، مازارغا پەقەت مۇبارەك تېنىلا دەپنە قىلىنغان. قۇلچاق ئۈچۈن بىرەر خاتىرە مۇنارى ياكى قەبرە تېشى ئورنىتىلمىغان، مازىرىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياساتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق قەلبىدە ۋە ئەل ئەدەبىياتىدا مەڭگۈ ھايات!

**11. «100 ئائىلىلىك قورغان» - تىزناپ قەلئە خارابىسى**

تىزاناپ قەلئە خارابىسى - تىزناپ كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولۇپ، قەشقەر - تاشقورغان يولى خارابىسىنىڭ غەربىي ياقىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقىي ياقىسىدىن تاشقورغان دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. تىزناپ قەلئەسى ئەسلىدە تۆت دەرۋازىلىق كاتتا قەلئە بولۇپ، ئىچىدە 100 ئائىلىلىك ئۆي بار ئىكەن. بۇ قەلئە كېيىنچە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر قورغان ئۆلى، قەدىمكى خانا - ئۆي ئىزنالىرى ۋە دۆۋە - دۆۋە تاشلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. قەلئە ئىچىدە ھازىرمۇ بىر قىسىم ئائىلىلەر ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى بۇ جايغا كېيىنچە ئۆي سېلىۋاتقان. تىزناپ قەلئەسىنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تارىخىي يازما خاتىرىلەر بار. تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس ئوغلانى قۇلچاق ۋە ئەلىپبەگ مۇشۇ قەلئەنى بازا قىلىپ، ياۋچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان.

**12. يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيلىك ئىزى - شامبابا قەبرىستانلىقى**

شامبابا قەبرىستانلىقى قەدىمكى تاش شەھەر بىلەن ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تەكشىلىككە جايلاشقان. شامبابا قەبرىستانلىقىدىن قېزىپ چىقىرىلغان 40 جەسەت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ دەۋرى 4 -، 5 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىكەن. ھازىر بىلەن بولغان ۋاقىت ئارىلىقى 2500 يىلدىن 4000 يىلغىچە بولۇپ، بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان يېڭى تاش قورالى دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزنالىرى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەن. شۇنداقلا، قەدىمكى تاشقورغان رايونىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىن قۇللۇق دەۋرىگە ئۆتۈش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن.

**13. شامبابا مىنېرال بۇلىقى**

شامبابا مىنېرال بۇلىقى تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەنى تاشقورغان دەرياسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. ھازىر بۇ بۇلاقنىڭ نامى «پامىر مىنېرال سۈيى زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى شامبابا بۇلىقى ۋە بۇلاق سۈيى توغرىسىدا تاجىك خەلق ئارىسىدا خىلمۇ خىل ھېكايىلار، چۆچەكلەر ساقلانماقتا. بۇلاق سۈيى ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولۇپ، بازارلاردا سېتىلماقتا.

**14. قەدىمكى تاش شەھەر خارابىلىقى**

جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە مەشھۇر بولغان قەدىمكى تاش شەھەر خارابىلىقى تاشقورغان تا-

جىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرى يېنىدىكى بىر ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقان . تاش شەھەر ـ تاشقى شەھەر ۋە ئىچكى شەھەر دەپ ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان . تاشقى شەھەر تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، ھازىر پەقەت بىر بۆلۈك ئىزناسىلا قالغان . ئىچكى شەھەر نىسبەتەن بىجىرىم ساقلانغان بولۇپ ، قەدىمكى دەۋر سەلتەنىتىنى نامايەن قىلالايدۇ . ماتېرىيال ۋە مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، قەدىمكى تاش شەھەرنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ، ئىگىلىنىشچە تەخمىنەن 2500 يىل بولغان . ئۇ ئۇزاق يىللار مابەينىدە مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، قاتناش ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىشنىڭ مۇقەررەر ئۆتۈشمە بېكىتىنى شەكىللەندۇرگەن ھەم تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويىنىغان . تاش شەھەر خارابىسى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىرىنىڭمۇ بىرى .

## 15 . زەردۆشت دىنىنىڭ ئىزناسى «ئاتەشكەدە»

«ئاتەشكەدە» ـ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى دېگەن مەنانى بىلدۇرىدۇ . «ئاتاشكەدە» تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ۋەرشىدې كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مازارلىرىدىن بىرى بولغان «شاھ ئەۋلىيا مازىرى» يېنىدىن ئورۇن ئالغان . «ئاتەشكەدە» ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كۆپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاتەش دىنىي ئىبادەتخانىسىنىڭ قىسمەن مەنزىرىلىرىنى نامايەن قىلالايدۇ . تاجىكلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا زەر دۆشت دىنىنىڭ ئىپادىلىرى خېلى كۆپ ، ئەمما ماددىي ئىزنا كۆپ ئەمەس ، شۇڭا «ئاتەشكەدە» نىڭ تېپىلىشى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ تەتقىقاتتا ئەھمىيەتلىك ماتېرىيالدۇر .

## 16 . كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزناسى ـ جىرغال خارابىلىقى

جىرغال ـ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر كىچىك جاينىڭ جۇغراپىيىلىك نامى . ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بېكىتىلىشىچە ، بۇ جايدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ بولۇپ ، كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىنسانلار پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىكەن . جىرغال خارابىلىقى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە بايقالغان كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت تۇنجى مەدەنىيەت ئىزناسى بولۇپ ، ئۇ كونا تاش قورال دەۋرى بىلەن سىپتا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك بوشلۇقنى تولدۇردى . جىرغال خارابىلىقى ھازىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بەرى .

## 17 . «پەرھاد ـ شېرىن ئۆستىڭى» خارابىلىقى

جۇڭگو ـ پاكىستان تاشيولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى گەندە قىرتاغ بويىنى ياقىلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ يىلانسىمان سوزۇلغان قەدىمكى ئۆستەڭ خارابىسى «پەرھاد ـ شېرىن ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۆستەڭنىڭ بېشى تاشقورغان دەرياسىنىڭ دەفتەر يېزىسىنىڭ غېجەڭبويى دېگەن يېرىدىكى قىسمىدىن باشلىنىپ ، خەتەرلىك تىك قىيارلاردىن ، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ، قۇملۇق ۋە چۆل ـ دەشتلەردىن ئۆتۈپ ، گەندە قىرتاغلىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئەفراسىياپ تېغى ئۇزۇلىدىغان «سېتەركۆز» دېگەن جايغا قەدەر سوزۇلغان . ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر ئاشىدۇ . ئۆستەڭ ياقىسىدا قەدىمكى كەنت ـ مەھەللى-

(داۋامى 12 ـ بەتتە)

# خوتەن دەريا ۋادىسىنىڭ بايلىقىدىن ئۇنىۋېرسال ئېچىپ پايدىلىنىش توغرىسىدا

مۇلىك ھاجى

بۇ رايون كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي جەھەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن شەھىرى، خوتەن، قاراقاش، لوپ ئۈچ ناھىيە ۋە بىڭتۇەن 47 - تۇەن يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 81 مىڭ 819 كۋادرات كىلومېتىر.

بۇ رايوننىڭ تارىخى ئۇزۇن، بايلىقى مول، يېتەرلىك سۇ مەنبەسى بار. رايون تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان خوتەن دەرياسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى قولايلىق سۇغىرىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن، ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولۇپ، كۆپ خىل زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. بۇ يەردە قەدىمىي بوستانلىقلار مەيدانى چوڭ بولۇپلا قالماستىن، يەنە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىكى تىنىملىق تۈزلەڭلىكلەرگە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر قىسىم يەر بايلىقى مەركەزلەشكەن. يەر بايلىقى زاپىسى تولۇق، ئېچىشتىكى يوشۇرۇن كۈچ چوڭ.

خوتەن رايونى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق، پاختا، يىپەك، مېۋىچىلىك رايونى. بولۇپمۇ پىلىچىلىك بىلەن گىلەمچىلىك ئىشلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «يىپەك يۇرتى» دەپ نام ئالغان. تارىختا «يىپەك يولى» نامى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا تونۇلغان. خوتەن گىلىمى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن خەلقئارادا مەشھۇر. بۇنىڭدىن باشقا بۇ رايوننىڭ ئېلېكتر، پاختا توقۇمىچىلىق، ئۇن تارتىش، سېمونت، ياغ تارتىش، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كۆمۈر، قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەتى بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە.

مەملىكىتىمىز بىلەن غەربىي ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خەلقئارا ھاۋا يولى بۇ رايوندىن ئۆتىدۇ. رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بەك مۇھىم. نۆۋەتتە تەكلىماكان چۆللۈكىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قۇملۇق تاشيولدا قاتناش باشلىنىپ، تارىم نېفىتلىكى ئېچىلماقتا. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى بۇ رايوندا ھازىر بار بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، رايوندىكى ئىسسىقلىق، سۇ، تۇپراق بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تېز يۈكسەلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەركەزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ دائىرىدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى بۇ رايوننى پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭلاشقا رايوننىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئاشلىق، پاختا، يىپەك، مېۋىچىلىك بازىسى قۇرۇش، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش، يېشىل ئېكولوگىيە كارىدورى قۇرۇش — بۇ رايون ئىقتىسادىنى سىجىل، مۇقىم، مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. جۇملىدىن 21 - ئەسىر ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

## I مۇھىت ئالاھىدىلىكى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكى

بۇ رايون تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي
قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، شىمالدا تەكرى تې-
غى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرايدۇ . جەنۇبىي كوئېنلۇن تاغلىقى بىلەن
توسۇلۇپ تۇرىدۇ . يېتىپ كېلىدىغان نەم ھاۋا
ئېقىمى ئىنتايىن ئاز ، ھۆل ـ يېغىن كەم-
چىل ، ئىقلىمى ئىنتايىن قۇرغاق ، ئاساسەن
جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل-
لۈكىنىڭ ئىقلىمىغا تەۋە ، بىراق ئۆزىگە خاس
بولغان جۇغراپىيىلىك شارائىت ئاستىدا ، را-
يوننىڭ تەبىئىي شارائىتىدە تۆۋەندىكىچە ئەۋ-
زەل شارائىت ھازىرلانغان .

(1) كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن ،
ئىسسىقلىق مىقدارى مول . يىللىق كۈننىڭ
يورۇتۇش ۋاقتى 2729 — 2623 سائەت ،
يورۇتۇش نىسبىتى 80% — 60 ، يازدا كۈن-
دۈزلۈك ۋاقىت 16 — 17 سائەتكە بارىدۇ .
يىللىق قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيە ئېنېرگى-
يىسى ھەر كۋادرات سانتىمېتىرغا 140 —
170 كالورىيە ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈنۈملۈك راد-
ئاتسىيە ئېنېرگىيىسى ھەر كۋادرات سانتىمې-
تىر جايغا 65 — 75 كالورىيە بولۇپ ، مەملىك-
تىمىزنىڭ ئوخشاش جۇغراپىيە كەڭلىكتىكى
شەرقىي قىسىم رايونلىرىدىن 15 كالورىيە يۇ-
قىرى ، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قال-
سا مەملىكىتىمىز بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرى-
دۇ . 10C° دىن يۇقىرى بولغان توپلانما تېمپې-
راتۇرا 4200 — 4000C° ، قىرووۋسىز مەزگىل
ئۇزۇن ، قىرووۋسىز ۋاقتى 225 — 210 كۈن ،
يانۋارنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 6.—
5. 7C° — 9C° ، ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا
تېمپېراتۇرىسى 25° — 24. 9C° ، يىللىق ئوت-
تۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 12C° — 11 ، ئاپ-
رېلدىن ئىيۇلغىچە ھەرقايسى ئايلارنىڭ ئوتتۇ-
رىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 15C° دىن يۇقىرى
بولىدۇ .

بۇنداق تېمپېراتۇرا شارائىتى كۆپ خىل
زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە ھەمدە زىرائەتلەردىن
بىر يىلدا ئىككى قېتىم ۋە ئىككى يىلدا ئۈچ
قېتىم ھوسۇل ئېلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرى-
دۇ . شۇنداقلا ئۇزۇن تالالىق پاختا قاتارلىق
ئىسسىقلىقنى ياخشى كۆرىدىغان زىرائەتلەر ،
قوغۇن ـ تاۋۇز ئۆستۈرۈشكە بەكمۇ مۇۋاپىق
كېلىدۇ . بولۇپمۇ قىش پەسلىدىكى كۈندۈزلۈك
ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0C° دىن تۆۋەن
بولغان كۈنلەر پەقەت 85 — 75 كۈنلا داۋاملى-
شىدۇ . مۇتلەق تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى
20C° ـ دىن تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ . ئانار ، ئۈ-
زۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئادەتتىكى
يىللىرى كۆمۈلمەيلا قىشتىن بىمالال ئۆتەلەي-
دۇ . رايون تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق پەر-
قى چوڭ ، فوتوسىنتېز رولى كۈچلۈك ، بۇ ئۆ-
سۈملۈكلەردە ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ توپلىنىشى
ئۈچۈن پايدىلىق . شۇڭا بۇ يەردىكى بۇغداي ـ
قوناقنىڭ ئاقسىل تەركىبى يۇقىرى ، مېۋە ـ
چېۋىلەر بەكمۇ تاتلىق .

(2) سۇ بايلىقى كەمچىلرەك بولسىمۇ ،
ئەمما يىللار ئارا ئۆزگىرىش ئاز . سۇ مەنبەسى
تولۇق ، ھەمدە سۇ بىلەن ئىسسىقلىق ياز پەس-
لىدە بىر ۋاقىتتا مەركەزلىشىشتەك ئەۋزەللىك-
كە ئىگە .

كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېگىز تاغ قار ـ مۇز-
لۇقلىرىدىن ئېرىگەن سۇلار بۇ رايون دەريا ئې-
قىنلىرىنىڭ تەمىنلىنىش مەنبەئى . بۇنىڭ ئى-
چىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەريا-
سى بىر قەدەر چوڭراق . بۇ ئىككى دەريا كو-
ئېنلۇن تاغلىقىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن ،
يەر شەكلىنىڭ يانتۇلۇقىنى بويلاپ ، جەنۇبتىن
شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، خوتەن شەھىرىدىن
150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوشلاش ئەترا-
پىدا قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلى-
دۇ . خوتەن دەرياسى تەكلىماكان قۇملۇقىغا
ئىچكىرىلەپ كىرىپ تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنىغا قوشۇلىدۇ . يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ
يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 288 مىل-
يون كۇب مېتىر ، قاراقاش دەرياسىنىڭ يىل-
لىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 146 مىليون

كۇبمېتىر . سۇ مەنبەسى ئاساسەن تاغلىق را-
يوندا شەكىللىنىدۇ . تاغلىق رايون سۇ مەنبەسى
ئېگىز تاغ مۇزلۇق ۋە دائىملىق توپلانغان قار-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا سۇ مەنبە-
سى بىر قەدەر تۇراقلىق ، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ
يىللار ئارا ئۆزگىرىشى ئاز ، مەملىكىتىمىزنىڭ
ئوخشاش كەڭلىكتىكى شىمالىي جۇڭگو رايون-
نىڭ سۇ مەنبەئىگە نىسبەتەن كاپالەت نىسبىتى
يۇقىرى بولۇپ ، سۇغىرىدىغان دېھقانچىلىقنى
راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق . ئۇنىڭ ئۇستىگە
دەريالاردىكى سۇنىڭ 70% تى يورۇقلۇق -
ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولغان ياز پەسلىگە
مەركەزلەشكەن . بۇ زىرائەتلەرنىڭ تازا باراق-
سان ئۆسىدىغان مەزگىلى بولۇپ ، سۇغىرىش
ئۇچۇن سۇ ئىشلىتىشكە پايدىلىق . بۇ رايوندى-
كى بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى
550 مىليون كۇبمېتىر . بۇلاق سۇلىرى كۆ-
پىنچە تۆۋەنكى ئېقىندىكى دەريا يوللىرى ۋە
جىرالاردا ھەمدە يەر ۋەزىيىتىنىڭ پەس بولغان
جايلىرىدا يەر ئۇستىگە ئېقىپ چىقىدۇ . سۇغى-
رىش رايونلىرىدا تۆۋەندىكى ئېقىنغا ماڭغانسې-
رى ئۇنىڭ ئېقىنى كۆپىيىدۇ . بۇلاق سۇلىرى-
دىن پايدىلىنىپ سۇغۇرۇشنى يولغا قويۇش -
ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىقتا قارشى تۇرۇشتا بەل-
گىلىك رول ئوينايدۇ .

(3 ) بەلگىلىك بوز يەر بايلىقىغا ئىگە .
بۇ رايوندىكى يۇرۇڭقاش ، قاراقاش دەريالىرى-
نىڭ ئېقىن مىقدارى چوڭ ، بۇ دەريالار تاغ
ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ، يەر شەكلى ياي-
تۇلۇقىنىڭ بىراقلا پەسىيىشى ئارقىسىدا ، يە-
راققا بارمايلا ئېقىنى تارىلىپ ، ئېلىپ كەلگەن
تىنما جىنسلارنى دۆۋىلەپ ، كەڭ كەتكەن تىنى-
مىلىق تۈزلەڭلىكلەرنى ھاسىل قىلغان . بۇ
يەردىكى دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان
بوز يەرلەر ئاساسەن مانا مۇشۇ دەريالارنىڭ ئوت-
تۇرا - تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى تىنمىلىق تۈز-
لەڭلىكلەرگە ، يەلپۈگۈچسىمانلىقنىڭ چەت يا-
قىسىدىكى يەر ئاستى سۈيى ئېقىپ چىقىدىغان
بەلۋاغقا جايلاشقان . تۇپرىقى شورلاشقان چىمە-
لىق تۇپراق ، چۆللەشكەن چىملىق تۇپراق ،
توغراق ئورمان توپىسىنى ئاساس قىلىدۇ .
ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بوز يەر مەيدانى 2
مىليون 280 مىڭ مو ، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ،
قاراقاش ، لوپ ناھىيىلىرىدىكى سۇغىرىش را-
يونلىرىغا تارقالغان ، يېقىن مەزگىل ئىچىدە
ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر سانى 387 مىڭ
900 مو ، يەر شەكلى تەكشى ، توپىسى قېلىن ،
بەلگىلىك ئۇنۇمدارلىقىقا ئىگە ، سۇ باشلاش ئو-
ڭاي ، يەر ئاستى سۇ يۈزى تۆۋەن ، تۇپراق
تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى ئاز ، ياكى يېنىك
شورلاشقان . بوز يەر ئېچىشقا كېتىدىغان مەب-
لەغ ئاز ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن دەسلەپكى
مەزگىلدە زەيكەش چېپىش تەلەپ قىلىنمايدۇ ،
پەقەت سۇغىرىش نورمىسىنى سەل يۇقىرىلى-
تىپ ، شور باستۇرۇۋەتسىلا پايدىلىنىشقا بولى-
دۇ ۋە تېز ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . تىنمى-
لىق يەلپۈگۈچسىمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا
(ئاساسەن بوستانلىقلاردا ) 18 - 13 مېتىر
چوڭقۇرلۇقتا كۆپلىگەن جىرالار جايلاشقان . بۇ
جىرالار يەر ئاستى سۈيىنى راۋان ئاققۇزۇپ ،
تەبىئىي زەي چىقىرىش رولىنى ئويناش بىلەن ،
بوستانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قايتا شورلى-
شىش خەۋپىنى ئازايتىشتا ئوبدان رول ئوينايدۇ.
دۇ . شۇڭا سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشىلاش ،
سۇنىڭ پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش شەرتى ئاستىدا يېقىن مەزگىلدە ئېچىپ
پايدىلىنىشقا بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا سۇغى-
رىش رايونلىرى ئىچىدە يىراق مەزگىلدە دېھ-
قانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئۇچۇن
پايدىلىنىشقا بولىدىغان 289 مىڭ 700 مو بوز
يەر سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سىرتىدا - يەنى قارا-
قاش ناھىيىسىنىڭ ئاق لەنگەر ، خوتەن ناھىيى-
سىنىڭ بوستانلىقلار ئارىسى ، لوپ ناھىيىسى-
نىڭ شەرقى قىسمىدا 315 مىڭ مو بوز يەر
بولۇپ ، شورلاشقان چىملىق توپا ، چۆللەشكەن
چىملىق توپا ، شورلاشقان چاتقال ئورمان توپى-
سىنى ئاساس قىلىدۇ . بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى
ئېگىز - پەس ياكى شالاڭ كەلگەن تۆپىلىقلار
جايلاشقان . يەر ئاستى سۇ يۈزى 1 — 3
مېتىر ، تۇپرىقى ئومۇمىيۈزلۈك شورلاشقان .

ئومۇمەن زەيكەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، زەي چىقىرىش شارائىتى راۋانلاشتۇرۇلىدىغان بولسا تامامەن ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

(4) قېزىلما بايلىقلارغا باي. بۇ رايوندا كۆمۈر، ھاكتېشى، چىرىمتال، ئالتۇن، ئوتقا چىدامىلىق توپا، تۇز، گەچ، تۆمۈر رودىسى، ئالماس، قاشتېشى قاتارلىق بايلىقلار تارقالغان. خوتەن قاشتېشى ئۆزىنىڭ كۆپ خىللىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر. بۇيا كۆمۈرلۈكى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈرلۈك بولۇپ، سانائەتكە كېرەكلىك كۆمۈر زاپىسى 88 مىليون 430 مىڭ توننىغا يېتىپ بارىدۇ. تۈرى كۆپ، زاپىسى مول بولغان بايلىق مەنبەلىرى ئۇ رايوندا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى پايدىلىق ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(5) مول مەزمۇنلۇق ساياھەت بايلىقىغا ئىگە

بۇ رايون ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تەبىئىي مەنزىرىگە ۋە ئۆزگىچە ئېتنوگرافىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ساياھەت ئىشلىرىنىڭ مۇقەددەس جايى. بۇ يەردە ئالپىنىستلار ئۈچۈن پائالىيەت سورۇنى بولغان ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرى جايلاشقان. چۆل بىلەن ئورۇلۇپ تۇرغان بوستانلىقلاردا مەھەللىۋى تەبىئىي شارائىت ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەرنى، مەززىلىك مېۋە - چېۋىلەرنى، قوغۇن - تاۋۇزلارنى، ئەنئەنىۋى قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە قول سانائەت - ھۈنەر كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى بولىدۇ. خوتەن قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى قەلئە خارابىلىرى، قەدىمىي شەھەر ئىزلىرى، قەدىمىي مازار ۋە، مەشھۇر ئاسار - ئەتىقە يادىكارلىقلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شامالدىن ھاسىل بولغان ھەرخىل قۇم - بورانلىق يەر شەكلى بىلەن ياردالڭ يەر شەكلىدىن ئىبارەت ئاجايىپ غەلىتە تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆزەتكىلى ۋە تاماشا قىلغىلى بولىدۇ. خوتەن دەريا ۋادىسىدىكى يېشىل كارىدور — توغراغلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت قىلىدىغان جايى.

**I ئېچىپ پايدىلىنىشتىكى ئاساسىي مەسىلىلەر**

(1) ئىقلىمى قۇرغاق. خوتەن رايونى، رايونىمىزنىڭ تىپىك قۇرغاق رايونى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھۆل - يېغىن ئاز، پارلىنىش كۈچلۈك، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى پەقەت 37~34 مىللىمېتىر، يىللىق پارلىنىش مىقدارى 2541.6 — 2198.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 65 ھەسسىسىگە تەڭ. قۇرغاقلىق دەرىجىسى 21 - 28، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك 47% ئەتراپىدا. بۇ خىل ئىنتايىن ئاز بولغان ھۆل - يېغىن زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، ئەكسىچە كۈچلۈك بولغان پارلىنىش زىرائەتلەرنىڭ ترانسپىراتسىيە كوئېففىتسېنتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرغاق شامالنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، جۇملىدىن تۇپراقنىڭ شورلىنىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىقلىمىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شامال كۈچى زور. رايوندا قۇملۇق، چۆللۈك مەيدانىنىڭ زۆر كۆلەمنى ئىگىلەپ تۇرۇشى، زور كۆلەمدىكى يەر يۈزىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاجىز بولۇش سەۋەبلىك بوران - قۇمنىڭ زىيىنى ئېغىر. بوران - چاپقۇننىڭ بۇزۇۋېتىشى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە، تۇپراقنىڭ ئېغىر ھالدا قۇملىشىپ كېتىشىگە تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆللۈك بىلەن بوستانلىق ئارىسىدىكى دەرەخ - چاتقال ئوت - چۆپتىن تەشكىل تاپقان. قۇم - بوراننى توسۇش رولىنى ئوينايدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلۋېغىنىڭ نەچچە 10 يىل ئىچىدە مۇۋاپىقسىز ھالدا ئېچىلىپ كېتىشى، ياكى ھەددىدىن زىيادە ئوتۇن كېسىش، ھەددىدىن زىيادە مال بېقىش، قالايمىقان دورا ئۆسۈملۈكلىرى كولاش يەر ئاستى

سۇ يۈزىنى تۆۋەنلىتىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ چۆللۈكنىڭ كېڭىيىشىنى، قۇملىشىپ كەتكەن يەر مەيدانىنىڭ تېز كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ، مەزكۇر رايوندا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا قۇرغاقچىلىق، قۇم - بوران زىيىنى بىلەن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

(2) رايون دەريالاردا يىل ئىچىدىكى ئېقىننىڭ تەقسىملىنىشى ئىنتايىن تەكشىسىز، روشەن ھالدىكى پەسىللىك خاراكتېرگە ئىگە. كەلكۈن مەزگىلى بىلەن سۇيى تارتىلىش مەزگىلىدىكى پەرق بەك چوڭ، ھەر يىلى 6 — 8 - ئايلاردا كەلكۈن شەكىللىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا سۇ مول، ئۇنىڭ ئەكسىچە 3 — 5 - ئايلاردىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، 9 - ئايدىن كېيىنكى كۈزلۈك تېرىلغۇ مەزگىللەردە سۇ يېتىشمەيدۇ، ئەتىيازدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ ھال ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن كۈزلۈك تېرىلغۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز. بۇ زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا تەسىر قىلىدىغان، بۇ رايوندا يېزا ئىگىلىكنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر ئامىل.

(3) رايون بوز يەر تۇپراقلىرىنىڭ مېخانىكىلىق تەركىبى يېنىك، جايلاشقان يەر شەكلى ئېگىز - پەس، قۇملۇق، دۆڭلۈكلەر ۋە يالانغان ئويمانلىقلار كەڭ تارقالغان. بۇنداق شارائىتتا تۇپراقتىن پايدىلىنىشتا، بوز يەر ئېچىپ، يەر تەكشىلەپ ئېتىز بەرپا قىلىشقا كېتىدىغان چىقىم، زەيكەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، شور زىيانداشلىقىنى تۆۋەنلىتىشكە كېتىدىغان چىقىم بىر قەدەر يۇقىرى. بۇ مەزكۇر رايوندا تۇپراقنى ياخشىلاپ، پايدىلىنىشتا دۇچ كېلىدىغان يەنە بىر مەسىلە.

## Ⅱ ئېچىپ پايدىلىنىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئاساسىي تەدبىر

قانداق قىلغاندا خوتەن دەريا ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىت ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلىپ، مول بايلىق مەنبەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەزكۇر رايوننىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. قانداق قىلغاندا مەزكۇر رايون تەبىئىي شارائىتىدىكى پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن خوتەن دەريا ۋادىسىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى پائال تۈردە تېزلىتىش لازىم.

رايون مۇھىتىنىڭ قۇرغاق - ئېكولوگىيىسى ئاجىز، جۇغراپىيىلىك ئەھمىيىتىنىڭ يىراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، رايون ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە فاڭجېنى بۇنداق بولىدۇ. بىرىنچىدىن، بايلىقلارنى ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم - ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزدە تۇتۇش لازىم. بولۇپمۇ خوتەندەك تەبىئىي شارائىت، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ناچار رايوندا ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم. يېقىنقى مەنپەئەتنى دەپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، خوتەن نامرات رايون، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز. دۆلەتنىڭ يېقىنقى مالىيە، ماددىي كۈچىنىڭ چەكلىكلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، پەقەتلا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، سەرخىللىرىنى تاللاش، نۇقتىلىق كەسىپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرنى چىڭ تۇتۇپ راۋاجلاندۇرۇش، ئالدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، نۇقتا ئارقىلىق ئادەتتىكىلەرنى يېتەكلەش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى-

نى تىزلىتىش . رايوننى ئىچمىشتا مەۋقەنى چو-
قۇم بايلىق ئەۋزەللىكى ئۈستىگە قويۇش ، باي-
لىق ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە
كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ،
ئىچكى ۋە خەلقئارادىكى بازار ئېھتىياجىغا ئاسا-
سەن مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىش ، سۈپەت
ئارقىلىق رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش لازىم .

يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاسا-
سى . رايوندا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش-
نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ، دېھقانچىلىق بى-
لەن ئورمانچىلىقنى بىرگە ئېلىپ بېرىش ،
دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى
بىرلەشتۈرۈش لازىم . ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى
تەمىنلەش ئاساسىدا ، زور كۈچ بىلەن ئۈستۈن-
لۈككە ئىگە كەسىپلەرنى ، نۇقتىلىق هالدا ئۈ-
زۈم تالالىق پاختا ، ئۈجمە ، ئانار ، ئۈزۈم ،
ياڭاق قاتارلىق مېۋە سورتلىرىنى ، خوتەن قو-
يىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئۇنى كەسپلەشتۈ-
رۇش ، مەخسۇسلاشتۇرۇش ، كۆلەملەشتۈ-
رۇش ، مۇشۇ ئاساستا پاختا ، يىپەك توقۇمىچى-
لىق ، مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ، گى-
لەمچىلىك ، قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش سا-
نائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، مەھسۇلاتلىرىنى تا-
ۋارلاشتۇرۇپ خەلقئارا ۋە ئىچكى بازارغا كى-
رىش لازىم .

يولغا قويىدىغان ئاساسىي تەدبىر تۆۋەندى-
كىلەردىن ئىبارەت .

(1) سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈ-
چەيتىش - سۇ مەنبەلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى-
نى قېزىش .

خوتەن تىپىك قۇرغاق رايون ، سۇ ئىشلى-
رى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ جېنى ، سۇ
بولمىسا دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق تەرەققىي
قىلالمايدۇ ، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكمۇ بول-
مايدۇ . سۇ بولمىسا سانائەتمۇ راۋاجلىنالماي-
دۇ . شۇڭا سۇ بۇ جايدا خەلق ئىگىلىكى تەرەق-
قىياتىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل .
رايوننى قانچىلىك دەرىجىدە ئېچىش ، بۇ ئالدى
بىلەن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا باغلىق .
بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن ، دەريا ئېقىنلىرىنى
تىزگىنلەش .

دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدا بىر
مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قا-
راقاش دەرياسىدا قۇرۇلۇپ چىققان «ئۇلۇغ ئاتا»
سۇ تۈگۈنى پۈتۈپ پايدىلىنىشقا تاپشۇرۇلدى .
بۇ قۇرۇلۇش سۇ يىغىپ ئەتىيازلىق قۇرغاقچى-
لىقنى پەسەيتىش ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلى-
نىش ، توك تارقىتىش ، سۇغىرىش ، ئېكولو-
گىيىلىك سۇ ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش-
تەك ئۇنىۋېرسال تەسىرگە ئىگە . ئۇنىڭ ئۈنۈ-
مىنى ئوبدان جارى قىلىش لازىم .

يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن لوپ ناھىيىسىنىڭ
بەشتوغراق رايونىغىچە سۇ يۆتكەپ تېرىلغۇ يەر
مەيدانىنى كېڭەيتىش .

ئىككىنچىدىن ، يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ
پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش .

بۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭ سىستې-
مىلىرىنى رەتلەش ، ئاساسلىق غول ئۆستەڭ-
لەرنى سۇ سىڭمەيدىغان قىلىپ ياساش ، سۇ
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، تېجەشلىك بىلەن سۇ
ئىشلىتىش ، نورمىلىق سۇ ئىشلىتىش لازىم ؛
كۆپ سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغىرىشتەك قالاق
سۇغىرىش شەكلىنى قەتئىي ئۆزگەرتىش
لازىم . يەر تەكشىلەپ ، تاختىلاپ سۇغىرىش ،
چۆنەكلەپ سۇغىرىش ، تەدرىجىي شەرت ھازىر-
لاپ پۈركۈپ سۇغىرىش ، تامچىلىتىپ سۇغى-
رىش قاتارلىق ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىسىنى
قوللىنىش لازىم . سۇغىرىش ۋاقتى ، قېتىم
سانى سۇغىرىش نورمىسىنى زىرائەتلەرنىڭ سۇ-
غا بولغان ئېھتىياجى ، يەر ئاستى سۇ يۈزىنىڭ
يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ، تۇپراقتا تۇزنىڭ يۆتكى-
لىش قانۇنىيىتى ، جۈملىدىن تۇپراقنىڭ خۇ-
سۇسىيىتىگە قاراپ بەلگىلىنىشى كېرەك .

ئۈچىنچىدىن ، غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى
چىڭ تۇتۇش .

«خوتەن دەرياسى يېشىللىق قۇرۇلۇش پى-
لانى» (قىسقارتىپ 1113 قۇرۇلۇشى دەپ ئاتى-
لىدۇ ) بويىچە قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي
قىرغىقىدا ياسىلىدىغان 200 — 300 كىلو-
مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر سۇ ئاققۇزۇش ئۆس-

تىگىنى ياساپ چىقىش ، قاراقاش ـ كاۋاك غول
ئۆستىڭىنى كېڭەيتىپ ـ ئۆزگەرتىپ ياساش .
يېڭى يەردىن قوشلاشقا قەدەر بولغان بۆلەكتە
ئۆستەڭ بويلاپ يەرلىك ، بىڭتۈەن بىرلىكتە
دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ، سۇ تېجەش خا-
راكتېرلىك دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چار-
ۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ، نۇقتىلىق ھالدا
سۇ تېجەيدىغان زىرائەتلەر . مەسىلەن : ئۈجمە ،
كېۋەز ، مېۋىلىك دەرەخ ، كۆممىقوناق قاتار-
لىقلارنى راۋاجلاندۇرۇش .

بۇ پىلان ئەمەلىيلەشسە خوتەن بوستانلى-
قىدىكى ئاھالىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ، كىشى بې-
شىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرنى كۆپەي-
تىپ ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ،
كىرىمنى ئاشۇرۇپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيە-
سىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ .

تۆتىنچىدىن ، يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇق
پايدىلىنىش

بۇ رايوندا يەر ئاستى سۈيىنىڭ مەنبەئى
خېلى مول ، مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا ، يەر
ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى — دەريالار
ئېقىن مىقدارىنىڭ 30% تىگە يېتىدىكەن . سۇ
سۈپىتى ياخشى . قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يەر
ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ، قۇدۇق ئارقى-
لىق سۇغىرىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ،
ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ،
جۇملىدىن تېرىلغۇ يەر مەيداننى كېڭەيتىشكە
قارىتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ .

(2) دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ،
شامال توسۇپ قۇمنى تىزگىنلەش

خوتەن رايونى تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ
جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان . قۇم ـ بوران بوس-
تانلىقلارغا ۋە بوستانلىق چېتىدىكى قاتناش
يوللىرىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ قالماستىن ،
يەنە كەلگ كۆلەمدىكى ئۆزلەشتۈرمىگەن بوز
يەرلەرنى قۇم بېسىۋېلىش ئارقىسىدا تۇپراقنىڭ
قۇملىششى كېلىپ چىققان . قۇم ـ بوران
دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى چوڭ بىر ئا-
پەت . شۇڭا زور كۈچ بىلەن دەرەخ تىكىپ
ئورمان بىنا قىلىپ ، شامال توسۇپ قۇمنى
تىزگىنلەش بۇ رايون يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچى-
قىرىشىنى رۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم بولغان بىر
ۋەزىپە .

بىرىنچىدىن تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك-
لەرنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش . رايوندا تە-
بىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاستىدا راۋاجلان-
غان تۇپراق بوش . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋەي-
رانلا قىلىنىدىكەن شۇئان شامالنىڭ يالاش پائا-
لىيىتى ئەۋج ئالىدۇ ـ دە ، ئۆز جايىدا قۇملى-
شىش كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭا بوستانلىقلار بى-
لەن چۆللەر ئارىسىدىكى ئۆتكۈنچى بەلۋاغنى
قاتتىق قوغداش . بۇ يەردە بوز يەر ئېچىش ،
مال بېقىش ، ئوتۇن كېسىش ، دورا ئۆسۈملۈك-
لەرنى قېزىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ تەبىئىي
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش لازىم . سۇ-
غىرىش رايونلىرى ئىچىدە ئېتىز ـ ئېرىق مۇ-
ھاپىزەت ئورمانلىقى بەرپا قىلىش . يېقىلغۇ
ئورمانلىقى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ،
خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى توغراق-
لىق ئورمىنىنى قاتتىق قوغداپ ، ئۇنى قالايمى-
قان كېسىشنى توسۇش لازىم .

ئىككىنچىدىن ، يېشىل كارىدور بەرپا قى-
لىش . «خوتەن دەرياسى يېشىللىق قۇرۇلۇش»
پىلانى بويىچە ، خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي
قىرغىقىدا (قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىر-
غىقى) يېڭى يەردىن شىمالغا قاراپ قاراقاش
دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قوشۇل-
غان جايىغا قەدەر سۇنئىي ئورمانلىق بىلەن
تەبىئىي ئورمانلىق بىرلەشتۈرۈلگەن كەڭلىكى
10 كىلومېتىر كېلىدىغان يېشىل كارىدور بەل-
ۋاغ بەرپا قىلىنىدۇ . بۇنىڭ قۇملۇققا تۇتاشقان
بىر تەرىپىدە كەلكۈن سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ
سۇغىرىش ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتە يۇلغۇن ،
جىگدە ، قۇملۇق چۈجگۈنىدىن ئىبارەت ئورمان
چاتقال ، ئوت ـ چۆپ ئارىلاشما بەلۋىغى بەرپا
قىلىنىدۇ . شەرقىي چېتىدە 50 مېتىر كەڭ-
لىكتە شامال توسۇپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان
ئورمان بەلۋىغى بەرپا قىلىنىدۇ . بۇ پىلاننىڭ
ئىشقا ئېشىشى تەبىئىي يېشىل كارىدورنى سۇن-
ئىي يېشىل كارىدورغا ئۆزگەرتىپ ، قۇملۇق-

ىنىڭ شەرقتە كۆچۈشىنى توسۇپ ئۇنىڭ خوتەن
بوستانلىقىغا قارىتا بولغان تەھدىتىنى يېنىكلە۔
تىپ ، ۋادىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى
ياخشىلىغىنى بولىدۇ .

(3 ) ئوغۇت مەنبەئىنى كېڭەيتىش ، يەر۔
نىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش بۇ رايون تۇپراقلىرى۔
ىنىڭ مېخانىكىلىق تەركىبى قۇممىسمان توپا بو۔
لۇپ ، دانىچىسى يىرىك ، ئورگانىك ماددا مىق۔
دارى ئاز ، سۇ ، ئوزۇقلۇق ساقلاش قابىلىيىتى
ناچار ، ئوزۇقلۇق ماددىلار كەمچىل ، تۇپراق
ئۇنۇمدارلىقى ئومۇميۈزلۈك ھالدا تۆۋەن . بۇ۔
نىڭ ئۈچۈن ، بىرىنچىدىن ، زور كۈچ بىلەن
بېدە ، قاشقا بېدە قاتارلىق يېشىل ئوغۇتلۇق
زىرائەتلەرنى تېرىش لازىم . بېدە تۇپراقنىڭ
ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ ھەم چارۋىلارنىڭ يەم
خەشىكى . ھازىرقى مەيدانى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ
5% تىگە يەتمەيدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجي
كېڭەيتىش لازىم . ئىككىنچىدىن ، پۇرچاقسى۔
مان زىرائەتلىرىنى كۆپلەپ تېرىش .

كۆممىقوناق يېرىگە سېرىق پۇرچاق ،
ماشنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش ، كىرىشتۇرۇپ
تېرىش ياكى ئېگىز ئورنىغا سېرىق پۇرچاق
تېرىش لازىم . بۇ زىرائەتلەر مەخسۇس يەر ، سۇ
ئىگىلىمەيدۇ . ئەكسىچە تۇپراقتا ئازوتنى تو۔
راقلاشتۇرۇپ تۇپراقنى كۈچەيتىش رولىنى
ئوينايدۇ . ئۈچىنچىدىن ، دېھقانچىلىق بىلەن
چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش . رايوننىڭ تاغ۔
لىق ئوتلىقى يىراق ، مۇھىتى ناچار ، چۆپ
سۈپىتى ناچار ، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئوغۇت
يۆتكەپ كېلىش ئىمكانىيىتى يوق . بۇنىڭدىن
كېيىن تاغلىق رايون چارۋىلىرىنى دېھقانچىلىق
رايونلىرىدا ماكانلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئوغۇتىدىن
تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش
لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەربىر ئىشلەپچىقى۔
رىش ئەترىتىدە بەلگىلىك يەم ـ خەشەك بازىسى
(بېدە قاتارلىقلار ) قۇرۇش ، زىرائەتلەرنىڭ
مەنگەن ، شاخ ـ شۇمبىلىرىدىن يەم ـ خەشەك
سۈپىتىدە پايدىلىنىش ، ئورمانلارنىڭ غازاڭلى۔
رى بىلەن مېۋىلىرىنى يىغىۋېلىپ يەم ـ خە۔
شەك قىلىش ، دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىچىدى۔
كى پارچە ـ پۇرات ئوتلاقلار ۋە بوستانلىقلار
ياقىسىدىكى چۆللۈك ئوتلاقلاردىن تولۇق پايدى۔
لىنىش لازىم .

(4 ) قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش

قاتناش ـــ بۇ رايون ئىگىلىكىنى راۋاج۔
لاندۇرۇشنىڭ قان تومۇرى . نۆۋەتتە رايوننىڭ
قاتناش ئىشلىرى ، رايون تەرەققىياتىنى تىزلى۔
تىش تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقى۔
دا بولۇپ ، رايوننىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇ۔
رۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە رايون
ئىقتىسادىنى چەكلەپ كەلمەكتە .

«خوتەن دەرياسى يېشىللىق قۇرۇلۇش»
پىلانى بويىچە قاراقاشتىن ئارالغا قەدەر ياسىلى۔
دىغان غول تاشيول قۇرۇلۇشىنى قەدەممۇ قە۔
دەم ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم . 500 كىلومېتىر
ئۇزۇنلۇقتا ياسىلىدىغان بۇ تاشيول لىنىيىسى
كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى خو۔
تەن ۋىلايىتى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي
ئېتىكىدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئارىسىدىكى
مۇساپىنى كۆپ قىسقارتىدۇ . يەنى خوتەندىن
كۇچاغا قەدەر بولغان مۇساپىنى قەشقەرنى ئاي۔
لىنىپ ماڭغانغا نىسبەتەن 550 كىلومېتىر ،
مارالبېشىنى ئايلىنىپ ماڭغانغا نىسبەتەن 350
كىلومېتىر قىسقارتىدۇ . بۇ تاشيول ئىككى قە۔
دەمگە بۆلۈپ ياسىلىدۇ . بىرىنچى مەزگىلدە ئاۋ۔
ۋال قاراقاشنىڭ كاۋاكتىن ئىككى دەريانىڭ قو۔
شۇلغان جايدىكى قوشلاشقا قەدەر (تەخمىنەن
100 كىلومېتىر ) ياسىلىدۇ ، مازار تاغقا تۇ۔
تاشتۇرۇلىدۇ . ئىككىنچى قەدەمدە ئارالغا تۇ۔
تاشتۇرۇلىدۇ . بۇ تاشيولنىڭ ياسىلىشى خوتەن
ۋىلايىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پوچتا ـ
ئالاقە ئېلېكتر تورى ، نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇ۔
لۇشىنى راۋانلاشتۇرۇپ خوتەن رايونىنىڭ ئىس۔
لاھات ـ ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، را۔
يوننىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، دۆلەت مۇداپىئە
قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، ئاخىرقى ھې۔
سابتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشىدۇ .

(5 ) قۇملۇق مەنزىرىسى ساياھەت رايونى
ۋە چۆللۈك توغراق ئورمانلىقى ئېكولوگىيە

قوغداش رايونى قۇرۇپ چىقىش

«خوتەن دەرياسى بېشىلىق قۇرۇلۇش» پىلان بويىچە ، قاراقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايىدىكى قوشلاشتىن شىمالغا قاراپ ، خوتەن ۋىلايىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايىغا قەدەر مازار تاغ قۇملۇق چۆل مەنزىرە ساياھەت رايونى قۇرۇپ چىقىلىدۇ . بۇ يەردە بىپايان قۇملۇق ، شامالدىن ھاسىل بولغان يەر شەكىللىرى ، كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كۆچمە قۇملۇق ، قارا قۇيۇن ، چاڭ - توزان ، چۆللۈك دەرەخ - چۆپلىرى ، قەدىمىي قورغان - تۇرلار ، مازار تاغ ئاسار ئەتىقە خانىسى ئېكسكورسىيە قىلىنىدۇ .

خوتەن ۋىلايىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسى ئايرىلىدىغان جايدىن ئارالغا قەدەر بولغان بۆلەك چۆللۈك توغراق ئورمان ئېكولوگىيە قوغداش رايونى قىلىپ ئېچىلىدۇ . ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ئەتىرىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا ، قوغداش رايونى ئىچىدە توغراق ، ئايراۋۇق ، يۇلغۇن ، جىغان قاتارلىق 17 ئائىلە ، 35 ئۇرۇقداش ، 49 تۈردىن كۆپرەك ئۆسۈملۈك خىللىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ يەردە قۇشلار 51 خىل ، ياۋايى ھايۋانلار 15 خىل . سۇ - قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى ئۆمىلىگۈچىلەر ئالتە خىل ، بېلىق تۈرلىرى توققۇز خىلدىن ئارتۇق ھايۋانلار بار . قوغداش رايونى ئىچىدە ئۆسۈملۈكلەرنى قالايمىقان كېسىش ، ھايۋاناتلارنى قالايمىقان ئوتتۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ . بەزى ھايۋانلار سۈنئىي كۆپەيتىلگەندىن كېيىن ، مۇۋاپىق جايدا ئېچىۋېتىلىدۇ . ياۋا توشقان ، مارال قاتارلىقلارغا ، ئوۋچىلىق پائالىيىتى يولغا قويۇلىدۇ ، بۇغىچىلىق كەسپى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ .

(ئاپتورى : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى)

## نەۋائى ھېكمەتلىرى

### راستچىللىق - يالغانچىلىق ، دۇرۇس - نادۇرۇسلۇق توغرىسىدا

● ئۆزىنىلا كۆزلەيدىغان ، يالغانچى ئورۇنباسارلار مۇسەيلىمەتۇل كاززاپ① قا ئوخشىشىدۇ .

● لاياقەتسىز ئورۇنباسارلارنىڭ شاھتا بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىشى يالغان .

● يالغانچى — ئادەم ئەمەس ، يالغان سۆزلەش ياخشىنىڭ ئىشى ئەمەس ، گۆھەرنى تاش قاتارىدا كۆرگەندەك ، يالغان سۆز كىشىنى ئېتىبارسىز قىلىۋېتىدۇ ، راست سۆزنى يالغانغا قاتقانلىق گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقانلىق بولىدۇ .

● سۆزنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ، ئەمما ، يالغاندىن يامانراق تۈرى يوقتۇر .

● يالغانچى نادانراق ئىشتكۈچىنى تاپسا ، يالغاننى راستقا

---

①مۇسەيلىمەتۇل كاززاپ - دەسلەپتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ، كېيىن مۇرتەد بولۇپ ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان .

# «ئوت يۇرتى» - تۇرپان

مۇلۇك ھاجى

رايونىمىز شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئېچىپ قارىغىنىمىزدا تەڭرى تاغ ئېتىكىدە توق يېشىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن بىر پەس ئويمان جاي كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ . مانا بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان دۇنياغا مەشھۇر تۇرپان ئويمانلىقىدۇر .

تۇرپان ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا باشقىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدە بولغان بىر جۇغراپىيىلىك رايون . ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە بولغان يەر شەكلى بىلەن كىلىمات شارائىتى ، ئۆزىگە خاس بولغان مەھسۇلاتلىرى ، مول بولغان تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ، مەشھۇر بولغان كارىز ئەسلىھەلىرى كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدۇ . شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىلا ئەمەس ، بەلكى شىنجاڭغا كەلگەن مېھمانلار ھەتتا چەت ئەللىك دوستلار تۇرپانغا بېرىپ بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ .

تۇرپان شەرقىي قىسىم تەڭرى تاغدىكى بىر ئولتۇرۇشما تاغ ئارىسى ئويمانلىق ، مەملىكىتىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پەس ، ئەڭ ئىسسىق ، ئەڭ ئىتىك جايدۇر . ئۇ شىمالدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان بوغدا تاغلىقى . غەربىي دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر بولغان قاراۋچىلىك تاغلىقى ، جەنۇبىي 600 — 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چۆل تاغ ، شەرقىي 1000 — 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇم تاغ بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ . ئوتتۇرا قىسمىدىن غەربىتىن شەرىققە قاراپ سوزۇلغان 800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يالقۇن تاغ بىلەن ئېگىزلىكى 600 مېتىر بولغان تۈز تاغ كېسىپ ئۆتىدۇ . جەنۇبىدا دېڭىز يۈزىدىن 161 مېتىر پەس بولغان تۈز ، نېترات ، شۈلتىغا باي بولغان ئايدىڭكۆل جايلاشقان .

ئويمانلىقنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 700 كېلومېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا بولغان كەڭلىكى 60 — 70 كېلومېتىر ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ .

ئويمانلىق قاتتىق ئىسسىق - تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى . بولۇپمۇ زىرائەتنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە ھاۋا تېمپېراتۇرا ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ . 3 - ئاي شىمالىي شىنجاڭ تېخى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان مەزگىلدە ، تۇرپان ئويمانلىقى گۈل - كۆكاتلار ئېچىلىپ ھۆپپىدە باھار تۈسىگە كىرىدۇ . ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 4 - ئايدا بىردىنلا يۇقىرىلاپ 20℃ قا چىقىدۇ . 5 - ئايدا 26℃ دىن ئېشىپ كېتىش بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ياز پەسلى تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . 6 . 7 . 8 ئۈچ ئاينىڭ ھەممىسىدە تېمپېراتۇرا 30℃ دىن يۇقىرى تۇرۇش بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 49.8℃ قا چىقىش بىلەن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى رېكورتمۇ ياراتقان . 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 100 كۈندىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە تېمپېرتۇرا 36℃ دىن يۇقىرى بولىدۇ . 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 40 كۈندىن

كۆپ ۋاقىت ئىچىدە تېمپېراتۇرا 40℃ دىن يۇقىرى تۇرۇش بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجاڭ دەريا ۋادىسىدىكى مەشھۇر ئۈچ چوڭ ئوت ئوچىقى ، دەپ نام ئالغان نەنجىڭ ، ۋۇخەن ، چۇڭچىڭدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . ياز پەسلى يەر ئۈستى تېمپېراتۇرا ئومۇمەن 75℃～80℃ قا يېتىپ بارىدۇ . جەنۇبىدىكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە 82.3℃ قا چىقىش بىلەن «ئوت يۇرتى» دەپ نام ئالغان . 10℃ دىن يۇقىرى بولغان جۇغلانما تېمپېرتۇرا بىر رايوننىڭ ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ كۆپ ـ ئازلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدا 10℃ دىن يۇقىرى بولغان يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرا 5300℃ دىن يۇقىرى بولۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ سوپ تروپىك رايونلىرىغا يېقىنلىشىدۇ . قىروسىز ۋاقتى 200 كۈندىن يۇقىرى . ئويمانلىقتا كۈننىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى كۈچلۈك ، يىللىق ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات سانتىمېتىردا 146 كالورىيە بولۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ خۇاڭخې دەريا ۋادىسى بىلەن تەڭ ، چاڭجياڭ دەريا ۋادىسى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىن كۆپ . كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن ، يىلىغا 3005 سائەتتىن 3356 سائەت بولۇپ «ئاپتاپلىق شەھەر» دەپ نام ئالغان لاسادىنمۇ يۇقىرى ، شۇنداقلا ئۆزى بىلەن ئوخشاش كەڭلىكتە تۇرغان شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي شىمال رايوندىن 500 سائەتتىن 1000 سائەتكىچە ئارتۇق . ئويمانلىق دېڭىزدىن يىراق بولغانلىقتىن ھۆل يېغىن ئىنتايىن ئاز ، يىلىغا پەقەت 16.6 مىللىمېتىر بولۇپ ، رايونىمىزدىكى ئەڭ ئاز يېغىنلىق جايلاردىن بىرى . شۇڭا ھاۋا قۇرغاق ، نىسپىي نەملىكى يىلىغا ئوتتۇرىچە 33% ئەتراپىدا بولۇپ 120 كۈندىن 140 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ . تېمپېراتۇرا يۇقىرى ، بىراق نەملىك تۆۋەن ، ئىسسىق ئەمما دىمىق بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىك ـ بۇ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ نەنجىڭ قاتارلىق شەھەرلىرىدىن يۇقىرى ، بىراق ھاۋاسىنىڭ نەنجىڭ قاتارلىق جايلارغا نىسبەتەن سالقىن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر . بۇ جايدا گەرچە كۈندۈزى تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولسىمۇ ، ئەتىگەن ، كەچتە بىرقەدەر سالقىن بولىدۇ . 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا بىلەن ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 15℃ دىن 17℃ غىچە بولۇپ شىمالىي جۇڭگو بىلەن شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكىدىن چوڭ .

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ بۇ خىل مول بولغان ئىسسىقلىق بايلىقى ، ھاۋا تېمپېراتۇرىدىكى سوتكىلىق كەسكىن پەرق ، ھاۋاسىنىڭ قۇرغاق بولۇش ئالاھىدىلىكى بۇ يەردە ئادەتتىكى زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىپلا قالماستىن ، مۇھىمى ئۈزۈم ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، ئۇزۇن تالالىق كېۋەزدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي زىرائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق .

تۇرپاندىن چىقىدىغان ئۈزۈم ، قوغۇننىڭ قەن تەركىبىنىڭ يۇقىرى ، تەمىنىڭ تاتلىق ، سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ، بۇ كۈننىڭ يورۇتۇشىنىڭ كۈچلۈك ، ھاۋا تېمپېراتۇرىدىكى سوتكىلىق پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشىدىن ئىبارەت ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . تەتقىق قىلىشقا ئاساسلانغاندا ، ئۆسۈملۈكتىكى قۇرۇق ماددا 90 — 95 پىرسەنتكە يېتىدۇ . ئۆسۈملۈكلەر كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىپ ، ھاۋادىكى كاربون تۆت ئوكسىدى ، تۇپراقتىكى سۇنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئورگانىك ماددا ئىشلەپ چىقىرىدۇ . ھاۋا تېمپېراتۇرىدىكى سوتكىلىق پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى قوغۇندا قەنت ماددىسىنىڭ توپلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . قوغۇن ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپىنچە كېچە ـ كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقى 10℃ دىن يۇقىرى بولۇش شارائىتى ئاستىدا تۇرىدۇ . كۈندۈزى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ ئۆسۈملۈكنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە (ئۆز-

لەشتۈرۈش ) رولىنىڭ تېزلىشىشىگە پايدىلىق بولسا ، كەچلىكى تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇپ ، ئۆسۈملۈكنىڭ نەپەسلىنىشىنى ئاستىلىتىش بىلەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن قەنت ماددىسىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ . بۇ يەردە ياشىغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ، بۇ يەردىكى مۇشۇ خىل پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۈزۈمنىڭ ئەقىل پاراستى ، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق كارىزغا ئوخشاش مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنى ياساپ ، باي ، مۇنبەت بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ ، ئەلا سورتلۇق ئۈزۈم ، قوغۇننى يېتىشتۈرۈپ دۇنياغا داڭ چىقارغان . تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۈزۈم ، قوغۇننىڭ تۈرى كۆپ ، بولۇپمۇ ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈمى داڭلىق . ئۇنى ھۆل يېيىش باشقا يەنە كىشمىش قۇرۇتۇلىدۇ . ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپ مەملىكەت ئىچىدىكى بازاردا سېتىلىشىدىن سىرت خەلقئارا بازارلاردا ھەم زور قارشى ئېلىشقا ئېرىشمەكتە . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن ، يەنە دۆلەت ئۈچۈن زور مىقداردا تاشقى پېرېۋوت توپلاپ ، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۆپرەك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ .

بۇ يەردىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ، بولۇت ئاز ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن پايدىلىق . بۇ جەھەتتىكى ئەۋزەللىك مىسىردىن قېلىشمايدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا ئۆستۈرىدىغان مەملىكەتلەردىن ئۇستۇن تۇرۇش بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئىستىقباللىق رايونىدىن بىرى .

مەشھۇر ئاسار ـ ئەتىقىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ يۇرتنى دۇنيا كۆز تىكىدىغان سىرلىق ماكانغا ئايلاندۇرغان . بۇ يۇرتتا مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە قەدىمقى شەھەرلەر ۋە قەلئەلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىختىكى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ، ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش سەۋىيىسى ، دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى سەۋىيىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول ماتېرىيال ۋە جانلىق پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

تۇرپان ئويمانلىقىدا بوران كۆپرەك . بوران تىلغا ئېلىنسا ھامان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ ئاپەت تەرەپلىرى كېلىدۇ . بىراق كىشىلەر ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلانسا ئاپەت پايدىغا ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن شامال ئېنېرگىيىسى سۈپىتىدە توك ئالغىنى بولىدۇ . پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ تۇرپان خەلقى بۇ پۇتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقتىن پايدىلىنىپ چوقۇم ئۆزلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ بايلىق يارىتالىشى . 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇرپان مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم ساياھەت ئورنى قىلىپ ئېچىلدى . يېقىنقى 10 يىلدىن باشلاپ تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ ، تۇرپان دۇنياغا تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ . كۆنسايىن راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كېلىدىغان چەت ئەللىك دوستلار ، مۇھاجىرلار ، تەيۋەن ، شاڭگاڭ ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە . شۇڭا بۇ يەرنىڭ مول بولغان تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە ئۆزگىچە ساياھەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكىتىمىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە .

# 新　疆　文　史

2001 年第 1 期　　（维吾尔文）

主编
阿布都克力木·热合曼

编委会主任
艾尔肯·艾米尔巴克
副主任：阿布力孜·木沙

## 目　录

论三区革命青年团 …………………………………… 库都斯

维吾尔族近代文化史上占在马赫穆德·喀什噶里的地位 …… 海热提江·乌斯曼

艺术家阿布都克力·拉孜 ………………………… 马合木提·再依德

论三区革命民族军队中的宗教人士 ……………………… 木扎帕尔

论察合台维吾尔文手抄本《园梦大全》………………… 吐尔逊·沙吾提

论和田河流域资源综合开发利用 ………………………… 木力克·哈吉

塔什库尔干的古代城堡 ………………………………… 西仁·库尔班

火乡—吐鲁番 ………………………………………… 木力克·哈吉

喀什—塔什库尔干之路域的风景各文物点 ……………… 西仁·库尔班

纳瓦依的格言 ………………………………………… 纳瓦依

新疆维吾尔自治区人民政府　文史馆
参事室



چىراق ئۇسۇلى

ئابدۇشكۇر كېرەم سىزغان

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 14 - نومۇر
تېلېفون: 2822254 ئارقىلىق 68124. پوچتا نومۇرى: 830002
بۇسان ژۇرنال 2001 - يىلى 20 - نويابىر نەشىردىن چىقتى
ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنى نەشىر قىلىش ئىجازەتنامىسى 030JX